# پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت قانۇن-نىزام،
# ماتېرىياللار توپلىمى

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى
تۈزۈپ باستۇردى.

1992-يىل 3-ئاي

# تۈزگۈچىدىن

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى شۇنداقلا پۈتۈن پارتىيىنىڭ چوڭ ئىشى. نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشىنى پىلانلىق ئاساستا تىزگىنلەش. ئاھالىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاش قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشى شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەختلىك بولۇشىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش.

ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، كەڭ خەلق ئاممىسى، پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ پارتىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ۋە ياخشى تەشۋىق قىلىشقا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە خوتەن ۋىلايىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ھۆججەتلىرى ۋە رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرى، قانۇن-نىزاملارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت ماددىلىرىنى تاللاپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتۇق.

توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزنىڭ چەكلىك. ۋاقىتنىڭ قىس بولۇشى، سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن

خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالىي بولۇش تەس. كەڭ كىتاب-خانلارنىڭ يېتەرسىز بولغان جايلىرىغا تەنقىدىي تۈزىتىش پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى

1992-يىل 3-ئاي

# مۇندەرىجە

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىكى ئۆزگەرتىلگەن ماددىلار ........................ (1)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى ..... (3)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ........................ (15)
ج ك پ مەركىزىي كومىتېت ھۆججىتى، م ك (1991) 1-نومۇرلۇق
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانىنى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدىكى تەكلىپى ........ (16)
ج ك پ مەركىزىي كومىتېت م ك (1991) 9-نومۇرلۇق
ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى ........................ (18)
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېلىمىزدە نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش يۈزىسىدىن بارلىق

كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئە-
زالىرىغا يوللىغان ئوچۇق خېتى گ (1990) 4-نو-
مۇرلۇق ..................................................... (33)
گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېزى-
لاردىكى ئۆي ئورنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغ-
رىسىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدىكى
ئۇقتۇرۇشى ..................................................... (46)
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گو-
ۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدا
سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرى ........................................ (48)
دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھۆججىتى
دۆلەت پىلانلىق تۇغۇپ كومىتېتى (1991) 401-نو-
مۇرلۇق
«ئاقىنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تەش-
ۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش .... (62)
ج ك پ تەشكىلات مىنىستىرلىكى، كادىرلار مىنىستىرلىكى ھۆججىتى
(1991) 20-نومۇرلۇق
پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەردەرىجىلىك رەھبەرىي
كادىرلارنى تەكشۈرۈپ سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش توغ-
رىسىدا ئۇقتۇرۇش ............................................ (74)
ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنىدىغان

پۇللارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى
دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى (1982) 211-نومۇرلۇق
دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇللارنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى ............... (78)
دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ھامىلدارلىقنى ساقلىنىش دورا-سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە قوش ئوربىتىلىق تۈزۈمىدىكى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ............................ (87)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھامىلدارلىقنى ساقلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تېخنىكا يېتەكچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ......................... (101)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇرۇۋېتىش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ..... (104)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بىرنەچچە مەسىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى ش ھ (1981) 32-نومۇرلۇق ......................... (106)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

شى ھ (1988) 56-نومۇرلۇق

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئازسانلىق مىللەت-لەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە-سى»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى ........... (125)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتې-[illegible] (1988) 30-نومۇرلۇق

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى-نىڭ يېزا كىچىك پونكىتلىرى (ئورنى)نىڭ خىزمەت نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ................................ (145)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھۆججىتى. ش پ ت ك (1988) 82-نومۇرلۇق

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئازسانلىق مىللەت-لەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگە-لىمىسى»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى ...................... (156)

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ھامىلدار-لىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى.....(167)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېت ھۆججىتى

خ پ (1991) 18-نومۇرلۇق.

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت تەدبىرى ........................................ (194)

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى.

خ پ م (1991) 4-نومۇرلۇق

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 5-قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى . ........................ (195)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ھۆججىتى خ م م (1989) 71-نومۇرلۇق.

خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........ (196)

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈم ھۆججىتى، خ پ ت (1991) 36-نومۇرلۇق

كادىرلار خىزمىتىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ........... (218)

# «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلار

(1982-يىل 12-ئاينىڭ 4-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5-يىغىنىدا ماقۇللانغان)

25-ماددا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ.

49-ماددا نىكاھ، ئائىلە، ئانىلار ۋە بالىلار دۆلەت تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ.

ئەر بىلەن خوتۇننىڭ پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش مەجبۇرىيىتى بار.

ئاتا-ئانىنىڭ ياش قورامىغا يەتمىگەن بالىلىرىنى بېقىش ۋە تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار. ياش قورامىغا يەتكەن بالىلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بېقىش ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

نىكاھ ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ. قېرىلارنى، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى خورلاش مەنئىي قىلىنىدۇ.

107-ماددا ناھىيەدىن يۇقىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسىدە ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ ئىقتىسادى، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى، شەھەر-يېزا قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ۋە مالىيە، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، مىللىي ئىشلار، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، تەكشۈرۈش، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق مەمۇرىي خىزمەتلەرنى باشقۇرىدۇ، قارار ۋە بۇيرۇقلارنى چىقىرىدۇ، مەمۇرىي خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرىدۇ، تەربىيىلەيدۇ، سىناپ كۆرىدۇ، مۇكاپاتلايدۇ ۋە جازالايدۇ.

يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قارارلىرىنى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ قارار ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز مەمۇرىي رايونىنىڭ مەمۇرىي خىزمەتلىرىنى باشقۇرىدۇ.

ئۆلكىلىك، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يېزا، مىللىي يېزا، بازارلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى ۋە چېگرىسىنى بەلگىلەيدۇ.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ
# نىكاھ قانۇنى

(1980-يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3-يىغىنىدا ماقۇللانغان)

## مۇندەرىجە

بىرىنچى باب. ئومۇمىي پرىنسىپ

ئىككىنچى باب. نىكاھلىنىش

ئۈچىنچى باب. ئائىلە مۇناسىۋىتى

تۆتىنچى باب. نىكاھتىن ئاجرىشىش

بەشىنچى باب. قوشۇمچە پرىنسىپ

## بىرىنچى باب. ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** بۇ قانۇن نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپ مىزانى.

**2-ماددا** نىكاھتا ئەركىن بولۇش، بىر ئەربىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەر-ئايال ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ ۋە قېرىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى قوغدىلىدۇ.

پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلىدۇ.

3-ماددا نىكاھتا چات كىرىشىلىش، سودىلىشىش ۋە نىكاھ ئىركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزۈشتەك ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ. نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن مال-مۈلۈك ئۇندۇرۇۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

نىكاھ ئۈستىگە نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ، ئائىلە ئەزالىرى ئارا خورلاش ۋە تاشلىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

## ئىككىنچى باب. نىكاھلىنىش

4-ماددا نىكاھلىنىش ئوغۇل-قىز، ئەر-ئاياللىق تولۇق ئازادىلىكى بىلەن بولۇش شەرت، بىرتەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپكە زورلۇق قىلىشىغا ياكى ئۈچىنچى تەرەپنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

5-ماددا نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللارنىڭ 22 دىن، قىزلارنىڭ 20 دىن تۆۋەن بولماسلىقى شەرت. كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش رىغبەتلەندۈرۈلىدۇ.

6-ماددا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى بولسا، نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنىدۇ:

(1) بىۋاسىتە قانداش تۇققان بولسا ۋە ئۈچ ئەۋلاد دائىرىسىدە كىرىندىغان ئىككى بىر تۇغقان بولسا؛

(2) ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ساقايمىغان بولسا ياكى تىبابەتچىلىكتە نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ دەپ قارال-

ـغان باشقا كىشىلەرگە گىرىپتار بولغان بولسا.

**7-ماددا** نىكاھلانماقچى بولغان ئوغۇل-قىز. ئەر-ئايال نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنىغا ئۆزى بېرىپ تىزىملىتىش شەرت، بۇ قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كەلگەنلىرى تىزىمغا ئېلىنىپ، ئۇلارغا نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ، نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ئالغاندىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىدۇ.

**8-ماددا** نىكاھلىنىشقا تىزىملاتقاندىن كېيىن، ئەر بىلەن ئايالنىڭ پۈتۈشكىنى بويىچە، ئايال ئەر ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولسا بولىدۇ، ئەر ئايال ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولسىمۇ بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب. ئائىلە مۇناسىۋىتى

**9-ماددا** ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى باراۋەر بولىدۇ.

**10-ماددا** ئەر، خوتۇن ئۆز ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىشقا ھوقۇقلۇق.

**11-ماددا** ئەر، خوتۇن ئىشلەپچىقىرىشقا، خىزمەتكە، ئۆگىنىشكە ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ئەركىنلىكىگە ئىگە، بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپنى چەكلەشكە ياكى ئارىلىشىشقا بولمايدۇ.

12-ماددا ئەرنىڭمۇ، خوتۇننىڭمۇ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار.

13-ماددا ئەر-خوتۇننىڭ بىللە ئۆي تۇتقان مەزگىلدە تاپقان مال-مۈلكى ئۇلارنىڭ ئورتاق مۈلكى بولىدۇ. باشقا، كېلىشىمى بولسا، بۇنىڭغا كىرمەيدۇ.

ئەر-خوتۇن ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مال-مۈلكىنى بىرتەرەپ قىلىشتا باراۋەر هوقۇققا ئىگە.

14-ماددا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ بىر-بىرىگە يار-يۆلەك بولۇش مەجبۇرىيىتى بار.

بىرتەرەپ بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، يار-يۆلەك بولۇشقا مۇھتاج بولغان ئىككىنچى تەرەپنىڭ ئۇنىڭدىن يار-يۆلەك بولۇش خىراجىتى تەلەپ قىلىش هوقۇقى بولىدۇ.

15-ماددا ئاتا-ئانىنىڭ ئۆز بالىلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش مەجبۇرىيىتى بار، بالىنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىغا يار-يۆلەك بولۇش، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار. ئاتا-ئانا ئۆز بالىلىرىنى بېقىپ تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، بالاغەتكە يەتمىگەن ياكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بېقىپ تەربىيىلەش خىراجىتى تەلەپ قىلىش هوقۇقى بولىدۇ.

بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغاندا، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى تۇرمۇشى قىيىن بولغان ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز بالىلىرىدىن ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

بوۋاقنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە بوۋاقلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان باشقا ھەرىكەتلەر مەنئى قىلىنىدۇ.

**16**-ماددا بالىلار ئاتىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللانسا بولىدۇ، ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللانسىمۇ بولىدۇ.

**17**-ماددا ئاتا-ئانىلارنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلىرىنى باشقۇرۇش-تەربىيىلەش ۋە قوغداش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بولىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار دۆلەتكە، كوللېكتىپقا ياكى باشقا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزسە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

**18**-ماددا ئەر بىلەن خوتۇننىڭ مىراسقا ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئاتا-ئانا بىلەن بالىلارنىڭ مىراسقا ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

**19**-ماددا نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلار نىكاھلىق تۇغۇلغان بالىلارغا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. ھېچقانداق كىشىنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىگە، كەمسىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىنىڭ ئۆز دادىسى شۇ بالىنىڭ ئۆزۈر تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ۋە تەلىم-تەربىيە خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى تاكى شۇ بالا مۇستەقىل تۇرمۇش كۆچۈرەلىگەنگە قەدەر ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

20-ماددا دۆلەت قانۇنلۇق بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ. بېقىۋالغۇچى ئاتا-ئانا بىلەن بېقىۋېلىنغۇچى بالىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇشۇ قانۇننىڭ ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

بېقىۋېلىنغان بالا بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەر بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ.

21-ماددا ئۆگەي ئاتا-ئانا بىلەن ئۆگەي بالا ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىنى خورلاشقا ياكى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

ئۆگەي ئاتا ياكى ئۆگەي ئانا بىلەن ئۇلار باققان، تەربىيىلىگەن ئۆگەي بالىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى مۇشۇ قانۇننىڭ ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بولىدۇ.

22-ماددا ئەۋرىسىنى بېقىشقا كۈچى يەتكۈچىلىكى بار بوۋا-مومىنىڭ، ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن، تېخى بالاغەتكە يەت-

مىگەن نەۋرىسىنى بېقىش تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتى بار. بوۋا-مومىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئىقتىدارى بار نەۋ-رىنىڭ باللىرى ئۆلۈپ كەتكەن بوۋا-مومىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەجبۇرىيىتى بار.

**23-ماددا** ئىنىسىنى، سىڭلىسىنى بېقىپ كەتكۈچىلىكى بار ئاكا-ئاچىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ئاتا-ئانىسىنىڭ بېقىپ كەتكۈچىلىكى بولمىغان، بالاغەتكە يەتمىگەن ئۇكىسىنى، سىڭلىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى بار.

## تۆتىنچى باب. نىكاھتىن ئاجرىشىش

**24-ماددا** ئەر-ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشنى ئىختى-يار قىلسا، ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپ نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ، نىكاھتىن ئاج-رىشىشنى ئىلتىماس قىلىشى شەرت. نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىم-لاش ئورگىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرى ئىخ-تىيار قىلغانلىقىنى ھەمدە پەرزەنت ۋە مال-مۈلۈك مەسىلى-سىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئې-نىقلىغاندىن كېيىن، نىكاھتىن ئاجرىشىش گۇۋاھنامىسى بېرىلىدۇ.

**25-ماددا** ئەر ياكى ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تە-لەپ قىلسا، ئالاقىدار تارماقلار مۇرەسسە قىلىپ باقسا بولىدۇ

...لى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغۇچى خەلق سوت مەھ-
...ە نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرىسىدا بىۋاسىتە ئەر-
...ەرسە بولىدۇ.

خەلق سوت مەھكىمىسى نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا مۇرەسسە قىلىدۇ، ئەگەر ھەقىقەتەن كۆڭلى چۈشمىگەن بولۇپ مۇرەسسە ئۈنۈم بەرمىسە، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىدۇ.

26-ماددا! خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىينىڭ يولدىشى نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، شۇ ھەربىينىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى شەرت.

27-ماددا ئايال ھامىلدار، مەزگىلىدە ۋە بوشانغاندىن بىر يىل توشمىغىچە، ئەر نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا بولمايدۇ. ئايال نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا ياكى خەلق سوت مەھكىمىسى ئەرنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش تەلىپىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر دەپ قارىسا، ئۇ بۇ چەكلىمىگە كىرمەيدۇ.

28-ماددا نىكاھتىن ئاجرىشقاندىن كېيىن، ئەر بىلەن ئايال يارىشىۋېلىشنى ئىختىيار قىلسا، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنىغا بېرىپ تىزىملىتىدۇ، نىكاھ ئىشلىرىنى تىزىملاش ئورگىنى تىزىمغا ئالىدۇ.

29-ماددا ئاتا-ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-

سۆت ئاتا-ئانىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىشى بىلەن توختاپ كەتمەيدۇ. نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، بالا مەيلى ئاتىسى ياكى ئانىسى تەرەپتىن بېقىلسۇن، يەنىلا شۇ ئاتا-ئانىنىڭ بالىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئاتا-ئانىلار نىكاھتىن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بالىسىنى بېقىپ تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش ھوقۇقى ھەم مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن ئەمچەكتىكى بالىنى ئانىسىنىڭ بېقىپ تەربىيىلىشى پرىنسىپ قىلىنىدۇ. ئەمچەك-تىن ئايرىلغان بالىنى بېقىپ تەربىيىلەش مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى بالىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

**30-ماددا** نىكاھتىن ئاجراشقاندىن كېيىن، بىر تەرەپ بېقىپ تەربىيىلەۋاتقان بالىنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش خىراجىتىنىڭ ۋە تەلىم-تەربىيە خىراجىتىنىڭ بىر قىسمىنى ياكى ھەممىسىنى ئىككىنچى تەرەپ ئۈز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئۈز ئۈستىگە ئالىدىغان خىراجەتنىڭ مىقدارىنى ۋە مۇددىتىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ، كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

بالىنىڭ تۇرمۇش خىراجىتى ۋە تەلىم-تەربىيە خىرا-

جىتى توغرىسىدىكى كېلىشىم ياكى ھۆكۈم بولمىسا زۆرۈر تېپىلغاندا دادىسىغا ياكى ئانىسىغا كېلىشىمدە، ياكى ھۆكۈمدە بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق مۇۋاپىق تەلەپ قويۇشىغا دەخلى قىلمايدۇ.

31-ماددا نىكاھتىن ئاجراشقاندا، ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئورتاق مال-مۈلكىنى ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى مال-مۈلۈكنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا قاراپ، ئايالنىڭ ۋە بالىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش پرىنسىپى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

32-ماددا نىكاھتىن ئاجراشقاندا، ئىلگىرى ئەر-خوتۇننىڭ ئورتاق تۇرمۇشى ئۈچۈن بولغان قەرزلەر ئورتاق مال-مۈلكىدىن تۆلىنىدۇ، ئەگەر بۇ مال-مۈلۈك تۆلەشكە يەتمىسە، ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تۆلەيدۇ، كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەر ياكى ئايال ئۆز قەرزىنى ئۆزى تۆلەيدۇ.

33-ماددا نىكاھتىن ئاجراشقاندا، ئەگەر بىر تەرەپ تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالسا، ئىككىنچى تەرەپ مۇۋاپىق ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ، بۇنىڭ كونكرېت چارىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ كېلىشىدۇ، كېلىشەلمىسە، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

## بەشىنچى باب. قوشۇمچە پرىنسىپ

34-ماددا بۇ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەھۋالغا

قاراپ قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرۈلىدۇ ياكى قانۇنەن جازا بېرىلىدۇ.

**35-ماددا** يار-يۆلەك بولۇش خىراجىتى، بېقىش-تەربىيىلەش خىراجىتى، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش خىراجىتى، مال-مۈلۈكنى بۆلۈشۈش ۋە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدىكى ھۆكۈم ياكى كېسىمنى ئىجرا قىلمىغۇچىنى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇرىدۇ. ئالاقىدار تۇرۇنلار ئىجرا قىلدۇرۇشقا ياردەملىشىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

**36-ماددا** مىللىي ئاپتونوم جايلاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى مۇشۇ قانۇندىكى پرىنسىپلارغا ئاساسەن، ئۆز جايلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ نىكاھ، ئائىلە جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋاللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، بەزى جانلىق ياكى قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەر تۈزۈپ چىققان بەلگىلىمىلەر ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىشى شەرت، ئاپتونوم رايونلار تۈزگەن بەلگىلىمىلەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى شەرت.

**37-ماددا** بۇ قانۇن 1981-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن

ئىتىبارەن ئىجرا قىلىنىدۇ.

1950-يىل 5-ئاينىڭ 1-كۈنى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» مۇشۇ قانۇن ئىجرا قىلىنىنغان كۈندىن ئىتىبارەن بىكار قىلىنىدۇ.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتو- نومىيە قانۇنى

(1984-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملى- كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا ماقۇللاندى.)

## ئۈچىنچى باب

ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى:

**44-ماددا** مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتو- نومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسلىنىپ ۋە ئۆزى ئۆزجايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى

م ك (1991) 1-نومۇرلۇق

مەخپىي

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق ئومۇمىي پىلانىنى ۋە 8-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدىكى تەكلىپى

(1990-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان)

(بۇ ھۆججەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت قىسمى كىرگۈزۈلدى.)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7- ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدىكى ۋە 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ۋە فاڭجېن-سىياسەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ، تۈ-

ۋەندىكى تەكلىپ ماقۇللاندى: (47) پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش كېرەك. نوپۇس مەسىلىسى ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئومۇملۇققا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ۋە پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، دۆلىتىمىز پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت تۈپ سىياسەتنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نوپۇس ئىشىنى كۈچەيتىش لازىم. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ناھىيە، يېزا ۋە كەنتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تورلىرى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلامىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ ئەسىردىن كېيىنكى ئون يىلدا نوپۇسنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى مىڭدىن 12.5 پىرسەنت ئىچىدە كونترول قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

# جكپ مەركىزىي كومىتېت ھۆججىتى

م ك (1991) 9-نومۇرلۇق

## جكپ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن-نىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى

(1991-يىل 5-ئاينىڭ 12-كۈنى)

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئون يىللىق پىلان ۋە 8-بەش يىللىق پىلان پروگراممىسى»دا: «بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى 12.5‰ ئىچىدە تىزگىنلەش لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2-، 3-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىغا يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا تۆۋەندىكىچە قارار چىقاردۇق:

1. تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىش لازىم

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش — دۆلىتى-
مىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە. دۆلىتىمىز
دۇنيادا نوپۇسى ئەڭ كۆپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. نوپۇسنىڭ
كۆپ بولۇشى، تېز ئېشىشى، يەرنىڭ ئاز بولۇشى، ئىقتىسادىي
ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق
مەنبەسىنىڭ نىسبىي ھالدا كەمچىل بولۇشى — دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھ-
ۋالى. دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى مول. بۇ، بىزنىڭ
سوتسىيالىزم قۇرۇلۇشىمىزدىكى مۇھىم بىر شەرت. لېكىن نوپۇس-
نىڭ بەك تېز كۆپىيىپ كېتىشى بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئېغىر يۈك.
ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي
تەرەققىياتىنى قاتتىق چەكلەپ تۇرىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا
قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەپ، نوپۇس سۈپى-
تىنى ئۆستۈرۈشنى بىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ دۆلەت سىيا-
سىتى قىلىشىمىز — دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە
خەلقنىڭ جان مەنپەئەتىنى ئاساس قىلغان. ئۇ، دۆلىتى-
مىزنى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقنى تېخىمۇ تېز
ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن مۇھىم
ستراتېگىيىلىك تەدبىر. 20 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە
11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە پىلانلىق تۇ-
غۇت خادىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، دۆلە-

ئەمما نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش جەھەتتە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى 1970-يىلدىكى 33.43‰ تىن 1990-يىلى 21.06‰ كە چۈشتى. لېكىن شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددىي، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش ۋەزىپىسى ناھايىتى مۇشكۈل. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليارد 100 مىليون كىشىدىن ئېشىپ كەتتى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، يىلىغا 16 مىليوندىن كۆپرەك نوپۇس كۆپىيىۋاتىدۇ. بۇ، ئوتتۇرا ھال بىر دۆلەتنىڭ نوپۇسىغا تەڭ. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئىنتايىن زور بېسىم ۋە قىيىنچىلىق پەيدا قىلماقتا. 90-يىللار دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تارىخىي مۇساپىسىدىكى ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىل، شۇنداقلا ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشتىكى ئىنتايىن ئاچقۇچلۇق مەزگىل. بولۇپمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تۇغۇت ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى جىددىي بولىدۇ. ئەگەر بىز نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىيەلمىسەك، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانىغا يېتىشكە، خەلقنىڭ تۇرمۇش

سەۋىيەسىنى ۋە پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش-
كە بىۋاسىتە تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەبىئىي باي-
لىقلارنىڭ خورىشى تېزلىشىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت تېخىمۇ
يامانلىشىپ كېتىدۇ. ئەۋلادلارنى ئېغىر دەردكە قالدۇرىمىز.
بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پىلانلىق تۇغۇت دۆلىتى-
مىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك
مەسىلىسى، ئەمەلگە ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقى مۇناسىۋەتلىك
چوڭ ئىش. مەملىكەتنىڭ روناق تېپىشى، خارابلىشىشىغا مۇنا-
سىۋەتلىك چوڭ ئىش. بۇ ئىش قانچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان،
چەتكە تۇتسا، زادى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا
بىزدە يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دەۋر تەخىر-
سىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر پىلانلىق تۇغۇت
خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن-
غا قويۇپ، نوپۇس پىلانىنى ئۆز رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى
تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا
ۋە مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش كېرەك. پارتىيە،
ھۆكۈمەتنىڭ 1-قول باشلىقلىرى بۇ ئىشنى ئۆزلىرى تۇتۇشى،
ھەم ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارت-
كوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتتا رەھبەرلىك
قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇشى، ئاساسلىق رەھبىرىي يولداش كۆ-

روپىغا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئالاقىدار تارماقلارنى ماسلاشتۇرۇپ، ئالاقىدار تەرەپلەر بىلەن بىرلىكتە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئۆز رايونىنىڭ نوپۇس پىلانى مەسئۇلىيىتىنى ئورۇنداشنى زىممىسىگە ئېلىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە نوپۇس پىلانىنى ئورۇنداشنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمەتلەر ۋە رەھبىي كادىرلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچ قىلىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆلچىمى ۋە نازارەت قىلىش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر تۆۋەن دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ نوپۇس پىلانىنى ئىجرا قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ئۇنى تەكشۈرۈشى، سانلىق مەلۇماتلارنىڭ توغرا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، يوشۇرۇن ياكى يالغان مەلۇم قىلىشنى قەتئىي مەنئىي قىلىشى لازىم. مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلەرنى مۇكاپاتلاش، نوپۇسنى تىزگىنلىيەلمىگەنلەرنى جازالاش ھەم ئالاقىدار رەھبەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

## 2. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتنى قەتئىي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش كېرەك

دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى — كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز پەرزەنتلىك بولۇش، بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىر پەرزەنتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلەت كادىرلىرى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر، شەھەر ئاھالىسى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ ئىككى بالىلىق بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىر پەرزەنتلىك بولۇش كېرەك. يېزىلاردىمۇ بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنتلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بەزى ئاممىنىڭ ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، تەستىقتىن ئۆتكۈزۈپ بىر نەچچە يىل ئارىلاپ ئىككىنچى پەرزەنتنى تۇغۇشقىمۇ بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە مىللەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلىدۇ. كونكرېت تەلەپ ۋە ئۇسۇلنى ھەر قايسى ئاپتونوم رايونلار ياكى ئۆلكىلەر بەلگىلەيدۇ. بۇ سىياسەت پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن، شۇڭا كۆپ پەللىق خىزمەتلەر ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ھېي-

دىنىيى چۈشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتلەرنى قەتئىي ئېغىش- ماي ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تەۋرەنمەي، ئېغىشماي، ئۆزگەرتمەي، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىز- چىللىقىنى ساقلاش لازىم. نوپۇس پىلانىنى باشقۇرۇشنى دۆلەت قانۇنى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ كۈ- چەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنىڭ نوپۇس، تۇغۇت پىلانىنى بالا- چىقىرىپ ئېلان قىلىش ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. بۇ قىسىم رايونلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋالىنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم؛ قالايمىقان ئىشىك ئې- چىپ، تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى قالايمىقان تەستىقلاشنى قەتئىي چەكلەش كېرەك، يالدۇر توي قىلىش، يالدۇر پەرزەنتلىك بولۇش، كۆپ پەرزەنتلىك بولۇشنى قەتئىي چەكلەپ، پىلان سىرتىدا ھامىلدار بولۇش ۋە پىلان سىرتىدا پەرزەنتلىك بولۇشتىن تىرىشىپ ساقلىنىش كېرەك. پىلانلىق تۇغۇتنى قەتئىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇش لازىم. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تۈزۈپ چىققان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر يەرلىك قائىدە- نىزاملار شۇ مەمۇرىي رايوننىڭ پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى- نىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشتىكى ۋە خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مەمۇرىي دەۋا ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ

بىرتەرەپ قىلىشتىكى قانۇنىي ئاساس، ئۇنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىڭغا ماسلاشقان قائىدە-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانۇن-تۈزۈم ئىزىغا سېلىش لازىم. كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، دۆلەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك قائىدە-نىزاملارغا باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىشى ۋە ئۇنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى، پەرزەنتلىرى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشى خىزمەت ئىشلىشى ھەمدە ئاممىغا پائال تەشۋىق قىلىشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى ۋە قائىدە-نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلارنى پارتىيەنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رېۋىزىيە تارماقلىرى جىددىي بىرتەرەپ قىلىشى كېرەك.

**3. مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش لازىم**

نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش ئۈچۈن، مۇھىم نۇقتىنى ئاساسىي قاتلامغا، بولۇپمۇ يېزىلارغا قارىتىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزا، قىيىن نۇقتىسى-

مۇ يېزىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك رەھ-
بەرلەر يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ
زېھنى كۈچ بىلەن يېزىلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى
پۇختا ۋە ياخشى تۇتۇشى لازىم.

ئاساسىي قاتلامنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشتىكى ئاچقۇچ شۇكى، ھەر بىر ئاساسىي قاتلام پار-
تىيە ياچېيكىسى مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە
ئېلىشى، پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق،
نەمۇنىلىك رولىنى، باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ
رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ،
ئاممىغا تايىنىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق
باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

ئاساسىي قاتلامدا ئىدىيىسى ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، كەسپىنى
باشقۇرۇشنى بىلىدىغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قوشۇنى قۇرۇش
لازىم. يەنى پىلانلىق تۇغۇت ئاكتىپلىرى قوشۇنىنى تەشكىل-
لەپ، ئۇلارغا تايىنىپ، دائىملىق پىلانلىق تۇغۇت خىز-
مىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى ھۆكۈ-
مەتكە ياردەملىشىپ، ئاممىنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە
قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ناھايىتى ياخشى تەشكىلىي
شەكىل. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پائال
قوللىشى، ئۇنى ئاممىنى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەش، ئۆز-

ـنى ئۆزى باشقۇرۇش، ئۆزىگە ئۆزى مۇلازىمەت قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش بەلگىلەنگەن، ئۇن بەلگىلەنگەن ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن مۇشكۈل ئىنچىكە خىزمەت، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بۇ خىزمەتنى ئاكتىپ، پۇختـا، سەۋرچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. تەشۋىقىـ تەربىيىنى ئاساس قىلىش، تۇغۇتتىن ساقلىنىش تەدبىرـ لىرىنى ئاساس قىلىش، دائىملىق خىزمەتنى ئاساس قىلىش قائىدىسىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە پەيدىنپەيـ دائىملىق ئىشقا ئايلاندۇرۇش. ئىلمىيلاشـ تۇرۇش. تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. دۆلەت ئەھۋالى ۋە پىلانلىق تۇغۇتنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەشۋىقات — تەربىيىنى كەڭ، چوڭـ قۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىپ، تىرىشىپ ئىككى — ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر — يېزىلىرىدا تويۇش ۋە پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشـ تۇرۇش، پۈتۈن خەلقنىڭ تويۇش ئېڭى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەقدار قارىشىنى كۈچەيتىش لازىم. تۇغۇت يېشىدىكى ئاممىنىڭ ئارىسىدا تۇغۇتنىڭ ئالدـ نى ئېلىش، بېجىرىم پەرزەنتلىك بولۇشقا دائىر پەنـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى تۇغۇتنىڭ ئالـ

دىنى ئېلىش جەھەتتە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىش-
لەش، بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، تېجەشلىك، ئاددىي، ئوڭاي بو-
لۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تەشۋىقات — تەربىيە بىلەن
ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاممى-
غا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئاممى-
نىڭ چۈشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىش، پىلانلىق تۇغۇت-
نى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ، ھەم نو-
پۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەش، ھەم پارتىيە
بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى
قويۇقلاشتۇرۇپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان ۋەزىيەتنى قوغ-
داش لازىم.

4. تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە باشقۇرۇش، پىلانلىق تۇ-
غۇت خىزمىتىنىڭ ئۇچۇرلۇق قانات يايدۇرۇلۇشىغا
كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — زور ئىجتىمائىي قۇ-
رۇلۇش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى بۇ خىز-
مەتكە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشى لازىم. مۇناسىۋەت-
لىك تارماقلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ
بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ نازارىتى ئاستىدا. ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزى-
پىگە ئاساسەن، ھەقىقىي يول قويۇشقا بولىدىغان تەدبىر-

لەرنى تۈزۈپ چىقىپ، تەڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە بــاشقۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشى لازىم.

ھەر قايسى تارماقلار تۈزگەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە باشقا جەھەتلەرگە دائىر سىيا- سەت، قائىدە - نىزاملار كېچىكىپ توي قىلىش ، كېچىكىپ پەرزەنتلىك بولۇش، ئاز پەرزەنتلىك بولۇش، بىرــىرىم پەرزەنتلىك بولۇشقا ئىلھام بېرىشكە پايدىلىق بولۇشى لازىم. نىكاھلىنىشقا تىزىملىتىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن- غا خىلاپ نىكاھنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. ھەقىقىي ئۈ- نۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، كۆچمەن نوپۇسلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باشقۇرۇش كېرەك. ئانا - بالىلار ساق- لىقىنى ساقلاش ۋە سۈپەتلىك، بىرــىرىم پەرزەنتلــىك بو- لۇش، سۈپەتلىك تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. يېزىلاردىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىز- مىتىنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يېزىلاردىكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئىجتىما- ئىي سۇغۇرتا خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ۋە بەش- نە كاپالەتلەندۈرۈش، سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يا- شانغانلار سانائتورىيىسىنى ياخشى باشقۇرۇپ ، ياشانغانلار سۇغۇرتىسى ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پىلانلىق تۇ- غۇت جەھەتتىكى پەن - تەتقىقات ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتىنى

خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە پائال قاتنىشىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى رادىئو، كىنو، تېلېۋىزىيە، گېزىت ــ ژۇرنال، ماتېرىيال، مەدەنىيەت، نەشرىيات تارماقلىرى ۋە ئورۇنلىرى ھەممە جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرىنى پائال ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى تەشۋىقات ــ تەربىيە خىزمىتىنى كەڭ، چوڭقۇر، ياخشى ئىشلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، كادىرلار مەكتەپلىرى، ئىتتىپاق مەكتەپلىرى ۋە ھەر خىل ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت تەربىيىسىنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇتنى ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە كىرگۈزۈش لازىم. ئومۇمەن، پىلانلىق تۇغۇتقا بەلگىلەنگەن كۆرسەتكۈچتىكى تەلەپكە يېتەلمىگەنلەرنى مەدەنىيەتلىك ئورۇن قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى بەلەن ياخشى ئىشلەش ئۈ

ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر قەتئىي نە-
يەتكە كېلىپ زۆرۈر مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا بىلەن تە-
مىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. 3-بەشيىللىق پى-
لان مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك مالىيىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت-
كەسپىي خىراجەت چىقىمىنى ھازىرقى كىشى بېشىغا توغرا
كېلىدىغان بىر يۈەندىن تەدرىجىي ھالدا يىلىغا كىشى بې-
شىغا ئىككى يۈەنگە يەتكۈزۈش، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلە-
دۈرۈش، مەخسۇس مەبلەغنى مەخسۇس ئىشلىتىش لازىم.
نامرات رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا تېخى-
مۇ ياردەم بېرىش كېرەك. پىلانلىق تۇغۇتنىڭ ئاساسىي
قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئا-
ساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، زۆرۈر بولغان مەب-
لەغنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ تەش-
كىلىي قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، قابىل كادىرلارنى
ئەۋەتىپ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قوشۇنىنى تولۇقلاش لازىم.
جايلار ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ناھىيە
يېزا-كەنتلەردىكى پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت تورلىرى قۇ-
رۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە
ھۆكۈمەتلەر پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىغا غەمخورلۇق قى-
لىشى، كۆيۈنۈشى، ئۇلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشى. ئۇ-

لارنىڭ خىزمىتىنى قوللىشى، ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىنىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇ قارارنى چوقۇم ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى تۇتۇشى لازىم. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روناق تېپىشى، ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت بۇ دۆلەت سىياسىتىنى قەتئىي، ئەستايىدىل، ئۇزاققىچە ئىجرا قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېلىمىزدە نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش يۈزىسىدىن بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىغا يوللىغان ئوچۇق خېتى

(1980-يىل 9-ئاينىڭ 25-كۈنى)

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى يولداشلار:

دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي سانىنى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بىر مىليارد 200 مىليون ئىچىدە تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بىر ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سۈرئىتى ۋە ئىستىقبالىغا، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە ۋە بەختلىك بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنپەئىتىگە ۋە نۆۋەت-

تىكى مەنپەئەتىگە ئويغۇن كېلىدىغان زور تەدبىر. مەركەزلىك كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كوئوپېراتسىيەنىڭ چاقىرىقىغا پاسسىپلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇشنى ھەمدە پائال تۈردە مەسئۇل بولۇپ، كەڭ ئاممىغا شەۋقچانلىق بىلەن ئىنچىكە تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، سەھىيە خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خەلق تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىسىدا، ئادەملەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، بولۇپمۇ بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش زور دەرىجىدە ئاشتى. لېكىن، بىز تۇغۇلۇش نىسبىتىنى ئۇزۇندىن بۇيان مۇۋاپىق تىزگىنلىمىگەنلىكىمىز تۈپەيلىدىن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى. كونا جۇڭگودا 1840-يىلدىن 1949-يىلغىچە بولغان 109 يىل ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 130 مىليونلا نوپۇس كۆپەيگەن ئىدى. ھالبۇكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30 يىل ئىچىدە 600 مىليون نوپۇس تۇغۇلۇپ، بۇنىڭدىن ئۆلگەنلەرنى چىقىرىۋەتكەندە، 430 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇس قوشۇلغان. نوپۇسنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى-

نىڭ ئاماق، كېيىم- كېچەك، ئولتۇراق جاي، قاتناش،
مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق
جەھەتلەرگە بارغانسېرى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ،
پۈتۈن دۆلەتنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق قىياپىتىنى قىسقا
مۇددەت ئىچىدە ئاسانلىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قى-
لىپ قويىدۇ. تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، دۆلىتىمىز نوپۇسى
1963- يىلدىن 1970- يىلغىچە بولغان بۇ مەزگىلدە، ئەڭ
جىق كۆپىيىپ كەتتى. ھازىر 30 ياشتىن تۆۋەنلەر پۈتۈن
مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇندىن
كېيىنكى ھەر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىليون ئادەم
توي قىلىش ۋە پەرزەنت كۆرۈش مەزگىلىگە كىرىدۇ. ئە-
گەر ھازىردىن باشلاپ 30—40 يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ يې-
قىنقى 20—30 يىل ئىچىدە بىر ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت
كۆرۈشنى ئومۇميۈزلۈك تەشەببۇس قىلىپ، نوپۇسنىڭ كۆ-
پىيىشىنى تىزگىنلىمىگەندە، ھازىرقى بىر ئەر-خوتۇن ئوت-
تۇرا ھېساب بىلەن 2.2 دىن پەرزەنت كۆرىدۇ دەپ ھې-
سابلىغاندا، 20 يىلدىن كېيىن دۆلىتىمىز نوپۇسىنىڭ ئو-
مۇمىي سانى بىر مىليارد 300 مىليونغا يېتىدۇ. 40 يىلدىن
كېيىن بىر مىليارد 500 مىليوندىن ئېشىپ كېتىدۇ. بۇ، تۆت-
نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى قىيىنچىلىق-
نى ئاشۇرۇۋېتىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۈزۈكرەك ياخشى-

لىنى ئىلمى ساھەدىن ئىبارەت ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ
چىقىردى.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى—
گوۋۇيۈەنىنىڭ بىر ئەر- خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈشتىن
ئىبارەت بۇ چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك.

ھەر بىر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، نوپۇس كۆ-
پەيسە، ئۇلار كارغا كېلىشتىن ئىلگىرى پۇل، ئاشلىق كۆپ
سەرپ قىلىنىدۇ-دە، ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا
تەسىر يېتىدۇ. بۇنى ھېسابلاپ باققىلى ئېنىق بولىدۇ. ئۇ-
لار كارغا كېلىدىغان بولغاندا، بىر تەرەپتىن جەمئىيەتكە
تۆھپە قوشسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتىكى ئىشلەپ-
چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالارنى ئىستېمال قىلىدۇ. دۆلەتكە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇبادا، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن، ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچى-
قىرىش مول بولمىسا، نوپۇسنىڭ تېز- ئاستا كۆپىيىشى
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ
جۇغلانمىسىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپە-
يىشى تېز بولۇپ كەتسە، مەبلەغ جۇغلانمىسى ئازلاپ كې-
تىدۇ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى ئاستا بولسا، مەبلەغ جۇغ-
لانمىسى كۆپىيىدۇ. نوپۇس كۆپەيسە، ئائىلىلەرنىڭ تەر-
بىيىلەش خىراجىتى كۆپىيىشتىن سىرت، ئەسلىھەلەرگە

سىلىنىدىغان مەبلەغ ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان خىراجەتلەرنىمۇ كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئەگەر بۇ جەھەتلەردىكى پۇللارنى تېجەپ قېلىپ، ئۇنى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى زور بولمامدۇ!؟

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇپ كەتسە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قىيىنغا چۈشىدۇ. ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئالايلى، شەھەر - يېزا خەلقىنىڭ نورما ئاشلىقىغا، سانائەتكە ۋە باشقا جەھەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ھەر بىر كىشىنىڭ يىلىغا ئىستېمال قىلىدىغان ئاشلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 800 جىڭ بولۇشى كېرەك. ئەگەر 100 مىليون نوپۇس كۆپ تۇغۇلسا، چوقۇم 800 مىليارد جىڭ ئاشلىقنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىزدە كىشى بېشىغا ئىككى مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. مۇبادا، نوپۇس كۆپىيىپ بىر مىليارد 300 مىليونغا يەتسە، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ئازىيىپ بىر مودىن كۆپرەككە چۈشۈپ قالىدۇ. ھازىرقى شارائىت ئاستىدا، شۇنچىلىك ئاز يەردىن كىشى بېشىغا 800 جىڭدىن ئاشلىق بىلەن يېتەرلىك

مىقداردىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش. بۇنىڭدىن سىرت، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇپ كەتسە، يالغۇز مەكتەپلەرگە كىرىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ئاشۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئېنېرگىيە، سۇ مەنبەسى، ئورمان-لىق قاتارلىق تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنىڭ خورىشى ھەد-دىدىن زىيادە چوڭىيىپ كېتىپ، مۇھىت بۇلغىنىشىنى ئېغىر-لاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە خەلق تۇرمۇشى مۇھىتى ئىنتايىن ئوسالىشىپ كېتىدۇ-دە، ئۇنى ئوڭشاي-مەن دەپمۇ ئوڭشىغىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا، بىر ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈشتىن ئى-بارەت بۇ چاقىرىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولامدۇ؟ كۆپچىلىك بىر نىيەتتە بولۇپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلا بولسا، بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى بار. 1971-يىلدىن 1979-يىلغىچە دۆلىتىمىزدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىرىشىپ تىز-گىنلەپ، توققۇز يىلدا 56 مىليون بوۋاق ئاز تۇغۇلدى. 1979-يىلدىن بۇيان، نەچچە يۈز مىڭلىغان ياش ئەر-خوتۇنلار پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشتى. پەقەت 1979-يىلىلا 1970-يىلغا قارىغاندا 10 مىليون نوپۇس ئاز تۇغۇلدى. ئەمەلىيەت: خەلقىمىزنىڭ غەرەز ئۇقمىدىغانلىقىنى، ئو-

مۇملۇقنى نەزەردە تۇتىدىغانلىقىنى، دۆلەتنىڭ دەر-
دىگە دەرمان بولالايدىغانلىقىنى ھەم كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ
غېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بەزى يولداشلار «بىر ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆر-
سە، كەلگۈسىدە نوپۇسنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى قېرىپ كېتىش،
ئەمگەك كۈچلىرى يېتىشمەسلىك، ئەرلەرنىڭ سانى ئايال-
لارنىڭ سانىدىن ئېشىپ كېتىش، بىر ئەر-خوتۇن باقىدى-
غان قېرىلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىشتەك بەزىبىر يېڭى
مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ قالارمىكىن» دەپ ئەنسىرەشمەكتە.
يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرىنى خاتا چۈشىنىۋالغان،
بەزىلىرىنى ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ.

نوپۇسنىڭ «قېرىپ كېتىشى» دەك ھادىسە مۇشۇ ئەسىر
ئىچىدە مەيدانغا چىقمايدۇ، چۈنكى ھازىر پۈتۈن مەملىكەت
نوپۇسىنىڭ يېرىمى 21 ياشتىن تۆۋەن بولۇپ، 65 ياشتىن
ھالقىغان ياشانغانلار سانى 5 پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. قې-
رىپ كېتىش ھادىسىسى ئەڭ تېز بولغاندىمۇ 40 يىلدىن
كېيىن بولىدۇ. بىز بۈگۈندىن بۇرۇنراق تەدبىر قوللىنىپ،
بۇنداق ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى پۈتۈنلەي
ئالالايمىز.

ھازىر دۆلىتىمىزدە 500 مىليون ئەمگەك كۈچى بار،
20 يىلدىن كېيىن يەنە 600 مىليونغا كۆپىيىش، 21-ئە-

سەرنىڭ باشلىرىغا بارغاندىمۇ، يىلىغا ئون مىليوندىن
كۆپرەك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كۆپىيىدىغانلىقى مۆلچەرلەن-
مەكتە. 30 يىلدىن كېيىن ھازىر ئىنتايىن جىددىي بولۇ-
ۋاتقان نوپۇسنىڭ كۆپىيىش مەسىلىسى پەسىيىدۇ. بۇ چاغ-
دا باشقىچىرەك بولغان نوپۇس سىياسىتى يۈرگۈزۈشكە توغ-
را كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ يېتەشمەي
قېلىش مەسىلىسىدىن ئەنسىرەپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

ئازادلىقتىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆتكەنكى يىللىردىكى
نوپۇس ستاتىستىكىسى ئەر-ئاياللار نىسبىتىنىڭ ئاساسىي
جەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، ئەرلەرنىڭ سەللا
كۆپرەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىر ئەر-خوتۇن بىرلا
پەرزەنت كۆرۈش تەشەببۇسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇ-
يان، ئالاقىدار تارماقلار بەزى رايونلاردىكى تۇنجى پەر-
زەنتلەرنىڭ جىنسىي پەرقى جەھەتتىكى نىسبىتى ئۈستىدە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە، ئوغۇللار قىزلارغا
قارىغاندا سەللا كۆپرەك بولۇپ چىققان. قىزلار بالاغەتكە
يەتكەندىن كېيىن، ئوخشاشلا ئەمگەك قىلالايدۇ. بەزى كەس-
پىي ئەمگەكلەرنى تېخىمۇ ياخشى قىلالايدۇ. ئائىلە ئەم-
گەكلىرىگە ماھىر كېلىدۇ. ئەر بولغۇچى ئايال تەرەپنىڭ
ئائىلىسىدە تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. جۇڭگو خەلقى بولۇپمۇ
ياش ئەۋلادلار ئەرلەرنى ئەتىۋارلاپ، ئاياللارنى پەس كۆ-

رولدىغان گۇناھ ئىدىيىنى چوقۇم تۈگىتىپ، ئەگەر بىرلا قىز پەرزەنت تۇغقان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئوخشاشلا ئوبدان بېقىپ تەربىيىلەش كېرەك.

بىر ئەرخوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرگەندە، 40 يىلدىن كېيىن، بەزى ئائىلىلەردە قېرىلارغا قارايدىغان ئادەم كەمچىل بولۇشتەك مەسىلە مەيدانغا چىقىشى مۇمكىن، بۇ مەسىلە كۆپلىگەن دۆلەتلەردە مەۋجۇت. بىز بۇنى بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. كەلگۈسىدە ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىدۇ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە ئىجتىمائىي خەۋپسىزلەندۈرۈش چوقۇم ئۈزلۈكسىز كۆپىيىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. ياشانغانلارنى بېقىش پەيدىنپەي ئىشقا ئېشىپ، ياشانغانلارنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ. ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارنى بېقىش، ئۇلارنى ئاخىرقى ئۆمرىنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان قىلىش — پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى شۇنداقلا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ئېلىمىز خەلقى چوقۇم بۇ بىر ئېسىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاتا-ئانىنى باقمايدىغان، ھەتتا ئۇلارنى خورلايدىغان قىلىقلار تەنقىدلىنىشى، قانۇنغا چېتىلىدىغانلار جازاغا تارتىلىشى كېرەك.

بىر ئەرخوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنىمۇ مۇۋاپىق ھالدا تەكىتلەش كېرەك. نىكاھ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشى ئانچە چوڭ ئەمەس، لېكىن ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنى نەزەردە تۇتقاندا، مۇۋاپىق ھالدا كېچىكىپ نىكاھلىنىشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. مۇۋاپىق ھالدا كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى تېخىمۇ تەكىتلەش كېرەك. ياش ئاياللار ئەگەر 20 ياشتىن باشلاپ تۇغىدىغان بولسا، 100 يىل ئىچىدە بەش ئەۋلاد ئادەم تۇغۇلىدۇ. ئەگەر 25 ياش ئەتراپىدا تۇغسا، 100 يىل ئىچىدە تۆت ئەۋلاد ئادەم تۇغۇلىدۇ. شۇڭا، كېچىكىپ نىكاھلىنىش، بولۇپمۇ كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش — نوپۇسنى ئازايتىشتا، نوپۇس كۆپىيىشىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ياش ئەرخوتۇنلار مۇۋاپىق ھالدا كېچىكىپ پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىسى كۆپ.

نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىر قاتار كونكرېت سىياسەتلەرنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. بۇلار: يەسلىگە، مەكتەپكە كىرىش، داۋالىنىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، شەھەرلەردىكى ئۆي ۋە يېزىلاردىكى تۇرالغۇ يەر تەقسىماتى قاتارلىق جەھەتلەردە يالغۇز پەرزەنتلەرگە ۋە ئۇلار-

نىڭ ئائىلىسىگە ئېتىبار بېرىش قاتارلىقلار. ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئەمگەككە ئوخشاش ھەق بېرىش سىياسىتىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش كېرەك. جىنسىي مۇناسىۋەت بىلىملىرىنى، ساغلام تۇغۇش (مېيىپ بوۋاقلارنى تۇغماسلىق) ۋە تۇغۇتقا چەك قويۇش تېخنىكا تەتقىقاتى خىزمەتلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش، زور تۈركۈمدىكى لاياقەتلىك تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقىش، تۇغۇتقا چەك قويۇش جەھەتتىكى تېخنىكا يېتەكچىلىكىنى، ئانا-بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ۋە بالىلار مائارىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۇغۇتقا چەك قويۇش جەھەتتىكى تېخنىكا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، تۇغۇلغانلار ئىچىدىكى تۇغما ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللىكى بار بوۋاقلارنى ئازايتىش ئۈچۈن، ئالاقىدار تارماقلار تېزلىك بىلەن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتىكى سۈپەتلىك دورا-سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئامىمىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش كېرەك.

پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەممە ئائىلىلەرنىڭ جان مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. شۇڭا جەزمەن ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىرىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن سۆز بىلەن قايىل قىلىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئامىمىنىڭ ھەقىقەتەن

سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بەزى ئەمەلىي قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىككىدىن پەرزەنت كۆرۈشكە رۇخسەت قىلسا بولىدۇ. لېكىن، ئۈچىنچى پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا، سىياسەت، بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن كەڭرەك بولۇش كېرەك، ئۇنىڭغا چەك قويۇش تەدبىرىدە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئاساس قىلىش، بۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئامما ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىۋېلىشى كېرەك.

بىر ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش — ناچار ئۆرپ-ئادەتنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت زور ئىش. مەركەز بارلىق كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىدىن، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈشنى، خەلق مەنپەئىتىگە مەسئۇل بولۇشنى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بەخت-سائادىتىگە مەسئۇل بولۇشنى، بۇ زور ئىشنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇۋېلىپ، ئۆزلىرى ئۈلگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. پارتىيىلىك كادىرلار ئۆزلىرىنىڭ كاللىسىدىكى فېئوداللىق ئىدىيىنى باشلامچىلىق بىلەن تۈگىتىپ، ئوغۇل پەرزەنت بولمىسا نەسىل قالدۇرغىلى بولمايدۇ دەيدىغان خاتا كۆز قاراشنى تۈگىتىش كېرەك. ياش يولداشلار ئىشنى ئۆزلىرىدىن

باشلىشى لازىم. ياشانغان يولداشلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە تەر-
بىيە بېرىش ۋە ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. ھەر
بىر يولداش ئۆز ئەتراپىدىكى ئاممىغا پائال تۈردە سەۋ-
رچانلىق بىلەن خىزمەت ئىشلىشى كېرەك. پىلانلىق تۇغۇت
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر بىر يولداش تەش-
ۋىقاتچىلاردىن بولۇش، ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىلىرىنى ۋە ئە-
مەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىش شۇنداقلا زور-
لايدىغان، بۇيرۇق بېرىدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قى-
لىدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلماسلىق، باشقىلارغا زورلايدىغان،
بۇيرۇق قىلىدىغان، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىدىغان
ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت بېرىش، گوۋۇيۈە-
نىنىڭ چاقىرىقىنى توغرا ئىشقا ئاشۇرۇپ، سوتسىيالىستىك
تۈزۈمنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش
كېرەك.

# گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يېزىلاردىكى ئۆي ئورنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى تەستىقلاپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

گ. [1990] 4- نومۇرلۇق، 1990- يىل 1- ئاينىڭ 3- كۈنى.

ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك كومىتېتلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلىرىغا:

گوۋۇيۈەن دۆلەت يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «يېزىلاردىكى ئۆي ئورنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئىلتىماس»قا قوشۇلدى. ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق. ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

## يېزىلاردىكى ئۆي ئورنىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئىلتىماس

ئېلىمىزدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، ھازىرقى تېرىلغۇ يەر 1 مىليارد 100 مىليون ئاھالىنىڭ يەرگە بولغان ئېھتى-

ياچىنى تەمسىلەپ كېتەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھەر تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار يەنە مەلۇم ساندا تېرىلغۇ يەر ئىگىللەيدۇ. ئادەم بېشى-غا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر تېخىمۇ ئازىيىدۇ. لې-كىن، كادىرلار ۋە ئامما دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئاساسىي ئەھ-ۋالىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن رەھبەرلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى توغرىسىدا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزلىرى

(1991- يىلى 4- ئايدا چاقىرىلغان پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز)

## پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى ئۆزى تۇتۇپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش لازىم

— باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدىن ئېلىندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

**پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، كىشى بېشى-
غا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيە قارىشىنى
كۈچەيتىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىقتىسادىي
خىزمەتنى تۇتقاندەك چىڭ تۇتۇش لازىم**

جياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: ئېلىمىز نوپۇسىنىڭ ئې-
شىشىنى قاتتىق تىزگىنلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلى-
كىنى تولۇق تونۇش كېرەك.

نوپۇس مەسىلىسى دۆلىتىمىزدىكى ئىنتايىن زور ئىش.
دۆلىتىمىز دۇنيادا تەرەققىي قىلىۋاتقان، نوپۇسى ئەڭ
كۆپ دۆلەت. نوپۇسى كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، ئاساسى
ئاجىز، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق كەمچىل
بولۇش — دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسى ئەھۋالى. ئېلىمىزنىڭ
ئادەم كۈچ بايلىقى مول، بۇ بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇ-
رۇشىمىزدىكى مۇھىم شەرت، ئەلۋەتتە. لېكىن نوپۇسنىڭ
كۆپ بولۇشى، بەك تېز ئېشىپ كېتىشى بىزگە باشتىن-
ئاخىر ئېغىر يۈك بولماقتا. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي
ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنى ئېغىر دەرىجى-
دە چەكلەپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە پۈتۈن مىل-
لەتنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. بىز-
نىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى دۆلىتىمىزنىڭ ئۇل سىياسىتى قى-
لىپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز پۈتۈن-

لەي دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە خەلقىنىڭ جا-
نىجان مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنى تېخىمۇ تېز
تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلقنى تېخىمۇ تېز ئورتاق بېيىش
يولىغا ماڭدۇرۇش مەقسىتىدە تۈزگەن مۇھىم ستراتېگىيە-
لىك تەدبىرىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تامامەن توغرا. ئۇ-
نى قەتئىي تەۋرەنمەي، ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز لازىم.

خەلقئارادىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ ھەممىسى دۆ-
لىتىمىزنىڭ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىك تىزگىنلىگەن دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەن-
لىكىنى بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون
يىلدا بىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2- قەدەمدى-
كى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يەتمەكچىمىز. بۇ ئۇلۇغۋار
نىشانغا يېتىش - يېتەلمەسلىك ئېلىمىز سوتسىيالىزم
ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى - گۈللەنمەسلىكى، مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىش - قازىنالماسلىقىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. نوپۇسنىڭ ئې-
شىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش — 2- قەدەمدىكى ستراتېگى-
يىلىك نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولماي-
دىغان مۇھىم شەرت. لېكىن ھازىر ئېلىمىزنىڭ نوپۇس
ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئېغىر، 8- بەش يىللىق پىلان مەز-

گىلەمدىكى نوپۇس پىلانى ۋە ئون يىللىق پىلاندىكى تەلەپ بويىچە، چەك قويۇلغاندا، 1995- يىلغا قەدەر ئومۇمىي نوپۇس 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئېشىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 1 مىليارد 300 مىليونغا يېقىنلىشىدۇ. خىزمەت سەللا بوشاشتۇرۇلۇپ قويۇلسا، 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئېشىپ كېتىش مۇمكىن. بۇ خىل خەۋپ ھەقىقەتەن مەۋجۇت. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئېلىمىزنىڭ نوپۇس ۋەزىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەگەكلىك بىلەن تونۇشى لازىم. نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن كۈچلۈك تارىخىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى لازىم.

پۈتكۈل سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ ئىشلەپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلىشىمىز، نوپۇس ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ

تۈپ سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش — پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان چوڭ ئىش شۇنداقلا خېلى مۇشەققەتلىك خىزمەت. بۇنى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت تولۇق چۈشەنگەن، قوللىغان ۋە بۇ خىزمەتكە پائال قاتناشقاندىلا، ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن خەلق سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نوپۇس ئىشى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيە قارىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەملىكەت بويىچە ھەممە ئادەم پىلانلىق تۇغۇتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ھەممە ئادەم نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

بۇ نۇقتىدا يېتىشتىكى ئاچقۇچ — ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىدە، بولۇپمۇ پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى بىرىنچى قول رەھبەرلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتۇش، ئومۇمىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بىر ئۆلكىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۆلكىلىك پارتكوم شۇجىسى بىۋاسىتە سورۇشتە قىلىش، ئۆلكە باشلىقى بىۋاسىتە تۇتۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتى-

كوم، ھۆكۈمەتلەر نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تولۇق تونۇش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش، ئەۋلادلارغا مەسئۇل بولۇش مەۋقەسىدە تۇرۇپ ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى پارتكومنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش، بىر يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم مۇھاكىمە قىلىش، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىقتىسادىي خىزمەتنى تۇتقاندەك تۇتۇش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى قىلىش كېرەك.

ئۈچ، مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: كومپارتىيە ئەزالىرى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رول ئوينىشى لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا دۆلەت ئاساسىي ئەھۋالى ۋە تۈپ دۆلەت سىياسىتى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش،ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، كادىرلار ۋە ياشلار ئىتتىپاقى مەكتەپلىرى نوپۇس ۋە پى-

لانلىق تۇغۇت تەربىيىسىنى زۆرزۆر دەرسلىك قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ نوپۇس ئېڭى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيە قارىشىنى كۈچەيتىپ، باشلامچىلىق بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى پائال تۇردە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باش تارتقىلى بولمايدىغان دائىملىق خىزمەت سۈپىتىدە ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش لازىم.

جياڭ زېمىن تەكىتلەپ يەنە مۇنداق دېدى: پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئاممىۋى لۇشيەندە مەھكەم، ئاممىغا تولۇق ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، ئاممىنىڭ ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

ئۇ مۇنداق دېدى: خەلق ئاممىسى پارتىيىمىزنىڭ كۈچ بۇلىقى ۋە غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ دەسمايىسى. ئاممىۋى لۇشيەن پارتىيىمىزنىڭ تۈپ خىزمەت لۇشيەنى، پىلانلىق تۇغۇت خەلققە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان ئۇلۇغ ئىش شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشى، خەلق ئاممىسى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ خوجايىنى، شۇڭا ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىغا تولۇق ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. ئاممىغا قەتئىي بوشاشماستىن تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇ- لارنىڭ ئاڭلىقلىقىنى ئۇرغىتىپ، ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىتى- شىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىياسىي-ئىدىيەۋى تەر- بىيىنى ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم. تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلىرىنى چىن دىلىدىن ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ، ئامما ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشىمىز، ئاممىغا بىزنىڭ ئۇلار- نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇتنى ئامما ئاڭ- لىق تۈردە قاتنىشىدىغان ئىشقا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى پېڭ سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق دېدى:

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2- قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، نوپۇس- نىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەشنى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇنغا قو- يۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. دۆ- لىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-

نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. ئاشلىق، پاختا، كۆمۈر، پولات، توك تارقىتىش مىقدارى قاتارلىق نۇرغۇن ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ ئىشلەپ ـ چىقىرىش مىقدارى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرسىمۇ، نوپۇسىمىزنىڭ تۈپ سانى زور بولغاچقا، ئوتتۇرىچە كىشى بېشىغا چاچقاندا دۇنيا بويىچە ئاخىرقى قاتارغا ئۆتۈپ قالىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق دۆلىتىمىز ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 500 مىليارد كىلوگرامغا يېتىدۇ، لېكىن نوپۇس كۆپىيىپ 1 مىليارد 300 مىليونغا يېتىدىغانلىقتىن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدار يەنىلا ھازىرقى سەۋىيىدە ساقلىنىپ قالىدۇ. ھەر يىلى يېڭى كۆپەيگەن بايلىقنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسمى كۆپەيگەن نوپۇسقا سەرپ قىلىنىۋېتىلىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيە يۇقىرىلىمايدۇ، مانا بۇ، ئىككىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەسىر قىلماي قالمايدۇ. خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۆپرەك ياخشىلىنىشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. يەنە دۆلىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا، تېخىمۇ ئېغىر نوپۇس بېسىمىنى ئېلىپ كېلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ بايلىقى، مۇھىت ھالىتى يە-

نىمۇ يامانلىشىش بىلەن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا تولۇق-
لاپ بېرىش قىيىن بولغان ئاسارەت قالدۇردى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ھەردەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر نوپۇس ئىش-
لىرىنى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋ-
يە قارىشىنى چوقۇم يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پىلانلىق تۇغۇت
خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتى ئور-
نىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇ-
مىي ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قو-
يۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى تۇتقاندەك قىزغىن ۋە قەت-
ئىي تەۋرەنمەس روھ بويىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىز-
گىنلەشنى تۇتۇش لازىم. شۇنداقلا تېخىمۇ چىڭ تۇتۇش
كېرەك. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى ۋە بۇنىڭدىن
كېيىنكى ئون يىلدىكى نوپۇس ۋەزىيىتىنى تولۇق تونۇپ،
8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس پىلانىنى ئورۇن-
داش ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرۈش لازىم. بۇ قېتىمقى خەلق
قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە
ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى، 8-بەش
يىللىق پىلان پروگراممىسى»دا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قو-
يۇلدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا نوپۇسنىڭ ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن يىللىق تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى مىڭدە
12.5 ئىچىدە تىزگىنلەش كېرەك. بۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى

ئون يىلدا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى يىلدىن يىلغا تۆۋەنلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ داۋالاش شارائىتى ياخشىلانغانچقا، كىشىلەرنىڭ ئۆمرى يەنىمۇ ئۇزىرايدۇ، شۇڭا نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى تىزگىنلەش ئۈستىگە قويۇش كېرەك. بۇ پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش ئىنتايىن قىيىن. بولۇپمۇ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلى تۇغۇت دەل يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدىغان مەزگىل، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يەنە بىرمۇنچە مەسىلە ۋە ئاجىز ھالقىلار ساقلانماقتا. لېكىن، بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلاننى كۆزدە تۇتۇپ، روھلىنىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئون يىللىق نوپۇس پىلانىنى تىرىشىپ ئورۇندىشىمىز لازىم.

ئون يىللىق نوپۇس پىلانىنى ئورۇنداشتا، ئالدىنقى بەش يىل ئاچقۇچلۇق مەزگىل، بىز 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نوپۇس پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىنى چوقۇم پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كاپالەتلەندۈرۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سېلىشىمىز لازىم.

ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۆز رايونىنىڭ نوپۇس پىلانىنى ئورۇنداش ۋەزىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر نوپۇس پىلانىنى ئۆز رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىك تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈش لازىم. ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار نوپۇس پىلانىنى ئورۇنداشنىڭ مۇھىم مەسئۇلىرىدىن بولۇش لازىم.

لى پېڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنى قەتئىي مۇقىملاشتۇرۇش ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. ھازىر ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ تەسىرى ۋە يېزىلاردا بىر يۈرۈش مۇكەممەل ئىجتىمائىي ستراخوۋانىيە تۈزۈمى تېخىمۇ ئورنىتىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن پىلان-

لىق تۇغۇت سىياسىتى خېلى بىر قىسىم ئاممىا ئارىسىدا ئۆز ئېھتىياجىغا ئايلانمىدى، بۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزىدا. ئاچقۇچ رەھبەرلىكتە. ئۇسۇلى ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا. ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيەتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ رولىغا ئەھمىيەت بېرىش، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئاممىغا سەۋرچانلىق بىلەن ئىنچىكە ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەھەتتە قانۇن-تۈزۈم تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

لى پېڭ يەنە مۇنداق دېدى: پىلانلىق تۇغۇتقا قارىتا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىردەك ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە تۇتۇپ، ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك.

سۇڭ پىڭ ۋە لى تيېمىڭ يولداشلار سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ

تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم.

دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پەڭ پېييۈن. دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خاۋجىيەنشيۇ سۆھبەت يىغىنىدا پىكىر بايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇس ۋەزىيىتى ۋە بۇندىن كېيىنكى ئون يىلدا نوپۇسنىڭ زىيادە كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش تەدبىر-لىرىنى تونۇشتۇردى.

ــ

شلىق شەھەر-

ەدالىشىپ، ئاساسلىق

ۇپۇس كېيىنكى قاتارلىق

ەنىڭ تولۇق تېكىستىنى بې-

ــى مــۇۋاپىق تەشكىللەپ، جا-

# دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھۆججىتى

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى (1991) 401-نومۇرلۇق

## «ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىغا، يەككە پىلانغا كىرگۈزۈلگەن شەھەرلەرگە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەن پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىغا:

«ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «چارىسى» دەپ ئاتىلىدۇ). 1991-يىلى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پېڭ پېييۈننىڭ تەستىقلاش بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشقا تارقىتىلدى.

«ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى» — دۆلىتىمىز پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تۇنجى قېتىم گۈۋۇيۈەن تەستىقلىغان مەمۇرىي قانۇن نىزام. ئۇنى ئېلان قىلىپ

بولغان قويۇش — ھەر قايسى جايلاردىكى ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇ-
غۇتنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە قانۇنىي ئاساسلار بىلەن تەمىنلەپلا
قالماستىن، بەلكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قانۇنغا تايىنىپ
باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇت قانۇنىي
تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ چارە-
نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش
ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. ھەر قايسى جايلار بۇ چارەنى تەشۋىق قىلىپ ئىزچىل-
لاشتۇرۇشنى بويەل قىلىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق پىلانلىق تۇ-
غۇتنى تەشۋىق قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى بىر تۈرلۈك مۇھىم
خىزمەت قاتارىدا چىڭ تۇتۇش لازىم. تۈرلۈك شەكىللەرنى
قوللىنىپ كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنى قوزغاپ،
ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئەھمى-
يىتىگە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىپ، كەڭ ئاممىغا چارەنىڭ
مەزمۇنىنى بىلدۈرۈش ھەم ئۆز ئاڭلىقلىقى بىلەن رىئايە قىلى-
دىغان بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

2. ئۆز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر-
لەردىكى ئاخبارات ئىدارىلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاساسلىق
گېزىت ۋە پىلانلىق تۇغۇت گېزىتى، نوپۇس گېزىتى قاتارلىق
كەسپىي گېزىت، ژۇرناللاردا چارەنىڭ تولۇق تېكىستىنى بې-
سىپ، خەۋەر، ئوبزورلارنى مۇۋاپىق تەشكىللەپ، جا-

مائەت پىكىرى تەشۋىقات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

3. «چارە»نى كەڭ كۆلەمدە بېسىپ، ئاققۇنلار توپلاشقان جايغا چاپلاش، شارائىت بار جايلار ئاققۇنلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىش.

4. ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر «چارە»دە بېكىتىلگەن كونكرېتنى يولغا قويۇش چارىسى ياكى بېكىتىلگەن ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش ئۆلچەملەشكەن ھۆججەتلەرگە قارىتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە تولۇقلاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ؛

5. «چارە»نىڭ ئىجرا قىلىنىشى ۋە يولغا قويۇلۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش لازىم. پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر نوپۇس بىلەن پىلانلىق تۇغۇتقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ئۆز مەسئۇلىيىتى بويىچە ئىش تەقسىم قىلىشىپ، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، بۇ بىر قانۇن-تۈزۈمنى ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئورتاق تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش لازىم. نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پائال مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «چارە»نىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاش لازىم. جايلار 1992-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرىدا بۇ «چارە»نىڭ

ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتې-تىغا يازما دوكلات قىلىپ يوللىشى لازىم.

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى (تامغا)

1991-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى

گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى، قانۇن-تۈزۈم ئىدارىسىگە بېرىلدى.

دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 1991-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى بېسىپ تارقاتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كو-مىتېتى ھۆججىتى. 1-نومۇرلۇق. «ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتى-نى باشقۇرۇش چارىسى»نى گوۋۇيۈەن تەستىقلىدى. ھازىردىن باشلاپ تارقىتىپ يولغا قويۇلسۇن.

مۇدىر: پىڭ پېييۈن

1991-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى.

## ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇ-رۇش چارىسى

**1-ماددا** ئاققۇنلاردىكى پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۈنۈملۈك ھالدا نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىن-لەش ئۈچۈن بۇ چارە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2-ماددا** بۇ چارە تۆۋەندىكى شەرتلەرگە ماس كەلگەن دائىرە ئىچىدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ قوللىنىشىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

(1) ھازىر تۇرۇشلۇق ئورنى، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى نوپۇسى بار ئورۇندا ئەمەسلەر.

(2) تۇغۇش ئىقتىدارى بارلار.

3-ماددا يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزىگە تەۋە بولغان رايونلاردىكى ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بىرتوتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە قارىتا ئۇنىۋېرسال تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى چوقۇم ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇشنى نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈش لازىم.

4-ماددا دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى پۈتكۈل دۆلەتتىكى ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ. يەرلىكتىكى ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ئۆز تەۋەلىكىدىكى ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ.

5-ماددا ج خ، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، ئەمگەك، سەھىيە، قاتناش، قۇرۇلۇش تارماقلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى

باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەش لازىم.

6-ماددا ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نوپۇسى دائىم تۇرۇشلۇق جايلار ۋە ھازىر تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورتاق باشقۇرىدۇ.

7-ماددا ئاققۇنلارنىڭ تۇغۇش ئەھۋالىنى نوپۇسى دائىم تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ياكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئۆز جايىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ.

8-ماددا ئاققۇنلارنىڭ ھازىر تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىش. (2) تۇغۇت يېشىدىكىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش. (3) مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلاش دورا-سايمان ۋە تۇغۇت چەكلەش تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەشكە تەشكىللەش. (4) پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى تەكشۈرۈش. (5) تۇغۇت ئەھۋالىنى خاتىرىلەپ، ئاققۇنلارنىڭ نوپۇسى دائىم تۇرۇشلۇق يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ.

9-ماددا ئاققۇنلارنىڭ نوپۇسى دائىم تۇرۇشلۇق جاي-
دىكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە كوچا ئىش بې-
جىرىش باشقارمىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى تۆۋەندىكىچە:

(1) پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات-تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش.
(2) تۇغۇت يېشىدىكىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ، تۇغۇت چەك-
لەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇلار بىلەن ئالا-
قىلىشىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش. (3) تۇغۇت يېشىدىكىلەرگە پىلان-
لىق تۇغۇت ئىسپاتلىرىنى يېزىپ بېرىش.

پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز
ئىچىگە ئالىدۇ: ئىسىم-فامىلىسى، جىنسى، يېشى، نىكاھلە-
نىش ئەھۋالى، سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى نومۇرى، تۇغۇت ئەھۋالى،
تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى،
پىلانلىق تۇغۇتنىڭ مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئەھۋالى
قاتارلىقلار. ئىسپاتنىڭ ئۆلچەملىك شەكلىنى ئۆلكە، ئاپتونوم را-
يون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەردىكى پىلانلىق تۇغۇت
كومىتېتلىرى تۈزۈپ بېكىتىدۇ.

10-ماددا ئاققۇنلارنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى،
تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئىش قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇ-
ۋاھنامىسىنى ئېلىشقا ئىلتىماس يېزىشتىن ئىلگىرى چوقۇم
ھازىر تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇ-
رۇش تارماقلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى تەك-

شۇرۇتۇشى لازىم.

ھازىر تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى پىلانلىق تۇغۇت ئىسپات قەغىزىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىزدىلىش ھەم تەكشۈرگەنلىك ئىسپاتىنى يېزىپ بېرىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت ئىسپات قەغىزى يوق ياكى پىلانلىق تۇغۇت ئىسپات قەغىزى تولۇق بولمىغانلارغا قارىتا پىلانلىق تۇغۇت ئىسپات قەغىزىنى تولۇقلاپ بېجىرىشنى تەلەپ قىلىش لازىم.

**11-ماددا** مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى، تىجارەت كىنىشكىسى، ئىش قىلىشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى قاتارلىق گۇۋاھنامىلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا، ئاققۇنلار ھازىر تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى چىقارغان پىلانلىق تۇغۇت تەكشۈرۈش گۇۋاھنامىسىنى دەلىللەشتۈرۈش ھەمدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش نەتىجىسىنى شۇ جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىشى، پىلانلىق تۇغۇت ئىسپاتىنى تەكشۈرتمىگەنلەر بولسا، تەستىقلىماسلىق كېرەك.

**12-ماددا** ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكەن ئاققۇنلارغا قارىتا باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش ھەم شۇ جايدا تۇرۇشلۇق يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەت ۋە كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى ۋە ئاھا-

يەدىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماق-لىرىنىڭ ئازارەتچىلىكى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش لازىم.

13-ماددا ئاققۇنلار دائىم تۇرۇشلۇق جايدىكى پە-لانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى ياكى يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى بېرىپ بەرگەن تۇغۇت ئىسپات قەغىزىگە ئا-ساسەن، ھازىر تۇرۇشلۇق جايدا تۇغىدۇ.

14-ماددا ئاققۇنلار ئىچىدىكى يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ گۇۋاھنامىسى قارىتا، نوپۇسى دائىم تۇ-رۇشلۇق جايدىكى يېزا (بازار)لىق خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى، ناھىيە، ئاپتونوم رايون، بە-ۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە-سىگە ئاساسەن بېجىرىپ بولىدۇ.

15-ماددا ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى ستاتىس-تىكا قىلىشتا، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىرىلىدۇ.

16-ماددا ئاققۇنلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيە ھەققىنى ئادەم ئىشلەتكەن ئورۇن بولسا، شۇ ئادەمنى ئىشلەتكەن ئورۇن ئۈستىگە ئالىدۇ. ئادەم ئىشلەتكەن ئو-رۇن بولمىسا، ئاۋۋال ئۆزى تۆلەپ، ھازىر نوپۇسى تۇرۇش-

لۇق جايدىكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئۆزى نوپۇسى دائىم تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمىتى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى تەرىپىدىن ئاتچوت قىلىنىدۇ.

**17-ماددا** ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇشتا، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەر شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەرىپىدىن تەقدىرلىنىدۇ ۋە مۇكاپاتلىنىدۇ.

خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش تەلەپكە يەتمىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەر بولسا، شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**18-ماددا** ئاققۇنلار ئىچىدىكى پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا قارىتا، ھازىر ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەرەپ

قىلىنىدۇ.

ئاققۇنلار پەلاندىن سىرت تۇغۇپ، ھازىر تۇرۇۋاتقان جاي تەرەپىدىن بايقالماي، نوپۇسى دائىم تۇرۇۋاتقان جايدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بايقىغاندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولۇشى لازىم. ئاققۇنلار بىر جايدا پەلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، يەنە باشقا بىر جايدا ئوخشاش ئىش بىلەن قايتا بىر تەرەپ قىلىنمايدۇ.

**19**-ماددا پەلانلىق تۇغۇت ئىسپات قەغىزىنى ياسىغان، ساتقان ياكى ئالداپ ئېلىۋالغانلارغا قارىتا، ناھىيەدىن يۇقىرى پەلانلىق تۇغۇت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بىۋاسىتە مەسئۇل خادىملىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىق مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ ھەمدە قانۇنسىز ئېرىشكەن نەرسىلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ياكى شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇندىن مەمۇرىي چارە كۆرۈشكە تەكلىپ بېرىلىدۇ.

ئالدىنقى ماددىدا بەلگىلەنگەن جەرىمانە پۇلى ۋە مۇسادىر قىلىنغان قانۇنسىز ئېرىشكەن بارلىق پۇللار دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

**20**-ماددا دەۋاگەر بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا قا-

يىل بولمىسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلىشقا، مەمۇرىي دەۋا قىلىشقا ياكى ئەرز قىلىشقا بولىدۇ.

**21-ماددا** ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېتنى يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ.

**22-ماددا** بۇ چارىنى دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى چۈشەندۈرۈشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**23-ماددا** بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ئاساسىي مەزمۇنى : ئاققۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتىنى باشقۇرۇش چارىسى. ج خ مىنىستىرلىكى، خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى، قاتناش مىنىستىرلىكى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، قانۇنچىلىق ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىلىرىگە بېرىلدى.

دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى
1991-يىلى 12-ئاينىڭ 26-كۈنى بېسىلدى.

# ج ك پ تەشكىلات مىنىستىرلىكى ، كادىرلار مىنىستىرلىكى ھۆججىتى

**(1991) 20-نوەۋراۇق**

## پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنى تەكشۈرۈپ سىناشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە يەككە پىلانغا كىرگۈزۈلگەن شەھەر پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ھۆكۈمەت كادىرلار (ئەمگەك- كادىرلار) نازارەت (ئىدارىسى) لىرىگە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەر قايسى مىنىستىر، كومىتېتلىرىگە، ھەر قايسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلاردىكى كادىرلار ۋە كادىرلار تارماقلىرىگە :

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مەزگىللىك تۈپ سىياسىتى بولۇپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك.

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ پىلانلىق

تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قات-
تىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، پە-
لانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ھەر
دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ نە-
تىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

1. نوپۇس پىلانىنى ئورۇنداش ئەھۋالى ۋە پىلانلىق
تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ھەر دەرىجىلىك
پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ نەتىجىسىنى
تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىش-
لىتىشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى قىلىش، ھەر دەرىجىلىك تەش-
كىلات، كادىرلار تارماقلىرى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەر-
لىكىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى ئاساسلىق تارماقلار
بىلەن پائال ماسلىشىپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى باش-
قۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن، ئىل-
مىي ۋە كونكرېت بولغان تەكشۈرۈش ئۆلچىمىنى بېكىتىپ
چىقىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاكتىپ يولغا قويۇشقا تەش-
كىللەش لازىم.

2. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە نەتىجىسى گەۋدىلىك
بولغان خادىملارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش ۋە مۇكا-
پاتلاش، ھەر قايسى ۋىلايەت، تارماق ۋە ئورۇنلار تەق-

دىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مۇھىم مەزمۇن قىلىشى لازىم . پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تۇتۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىر-لىرىنى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن مۇكاپاتلاش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۆلچەمدىكى تەلەپلەرگە يەتكۈزەلمىگەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاسا-سلىق رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن ۋەزىپىدى-كىلەرنى ئىلغار شەخس قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ .

3. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتى-مەپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان خادىملارنى تەكشۈرۈپ، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، ئومۇمەن خىزمەتتە مەسئۇلىيەت-سىزلىك قىلىپ، ئۆز ۋىلايەت، تارماق ۋە ئورۇنلاردا پى-لانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش، نوپۇس پىلا-نىنى ئېغىر دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇ-چىلارغا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى-نىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قاراپ تېگىشلىك جازا بېرىلىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە، كۆرسەتكۈچنى قالايمىقان تەس-تىقلىغان، پىلانلىق تۇغۇت ستاتىستىكا سانلىرىنى يوشۇر-غان، يالغان مەلۇم قىلغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز

نەپسىگە چوغ تارتقان، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى كادىرلىرىنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ج ك پ تەشكىلات مىنىستىرلىكى (تامغا)

ج ك پ كادىرلار مىنىستىرلىكى (تامغا)

1991-يىلى 11-ئاينىڭ 4-كۈنى

بېرىلدى: ج ك پ بەنگۇڭتىڭ، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش بەنگۇڭتىڭ، ھەرمىللەت پارتىيە-گۇرۇھ، خەلق تەشكىلاتلىرى، كادىرلار (كادىرلار خىزمىتى) تارماقلىرىغا.

# ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنىدىغان پۇللارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى

## دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنىدىغان پۇلنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى

1982-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى (82) دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 211-نومۇرلۇق.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن (1982) نىڭ 11-نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىر مۇنچىلىغان رايونلار پىلانلىق تۇغۇش بويىچە ئىش كۆرمەي، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن ئەر - خوتۇنلاردىن پۇل ئېلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلىگەن. ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇللارنى باشقۇرۇشتا، بەزى جايلار زۆرۈر بولغان باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بېكىتىپ چىققان، لېكىن كۆپ ساندىكى رايونلار بۇنىڭغا مۇناسىپ باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى تېخى تۈزۈپ چىقماي، پۇل ئې-

لىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش جەھەتلەردە بىر مۇنچىلىغان مە-
سىلىلەر ساقلانماقتا. بەزى جايلاردا ئەھۋال خېلى ئې-
غىر، مالىيە ئىنتىزامىنى چېگىتىپ، ناتوغرا ئىستېماللارنى
ئۆزىتىپ، بۇ پۇللارنى ياخشى باشقۇرۇپ ۋە ئىشلىتىپ،
پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلاش، پىلان-
لىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىنى ئىل-
گىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ئا-
لاھىدە تۈزۈلدى:

## 1- پۇل ئېلىش چارىسى

ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنىدىغان پۇللارنى
گۇڭشې ئەزالىرىدىن خەلق گۇڭشېسى ياكى رايون، يېزا يى-
غىدۇ. شەھەر، بازار ئاھالىلىرىدىن بازارلىق خەلق ھۆ-
كۈمىتى ياكى مەھەللە ئىش باشقۇرۇش باشقارمىلىرى يى-
غىدۇ؛ ئىدارە، زاۋۇت - كان، مەكتەپ، كارخانا، كەس-
پىي ئورۇنلاردىكىلەرنى شۇ ئورۇنلار ئۆزلىرى يىغىدۇ. ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمىتى يۆتكەلسە، يۆتكىلىپ بارغان ئو-
رۇن داۋاملىق تۈردە يىغىۋالىدۇ.

ئېلىنىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى بىلەن پۇل تاپشۇرۇش
مۆھلىتىنى پۇل يىغىۋالغۇچى ئورۇنلار مەركەز ۋە يەرلىك
ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىسىگە ۋە پۇل تاپ-
شۇرغۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى شۇنداقلا ئىقتىسادىي ئەھۋا-

غا ئاساسەن «بىر قېتىمدىلا ھېسابلاش، بىر قېتىمدىلا يا-
كى مۇھلەتكە بۆلۈپ تاپشۇرۇش» قاتارلىق ئۇسۇللارنى
قوللانسا بولىدۇ. ھەممە «ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن
ئېلىنىدىغان پۇل ئېلىش تالونى» (قوشۇمچە 1-ماتېرىيال)
نى ئۆز ۋاقتىدا بېرىش لازىم. «پۇل ئېلىش تالونى» ئۈچ
نۇسخا بولۇپ، بۇنى پۇل تاپشۇرغۇچى بىلەن شۇ كىشىنىڭ
ئىدارىسى بىردىن ئالىدۇ، پۇل ئالغۇچى ئورۇن بىر نۇس-
خا ساقلايدۇ.

ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەر پۇل تاپشۇرۇش ئۇقتۇ-
رۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇقتۇرۇشتىكى تەلەپ-
لەرگە ئاساسەن، پۇل ئالغۇچى ئورۇنغا ئۆز ۋاقتىدا پۇل
تاپشۇرۇشى كېرەك. ھەر قېتىم پۇل تاپشۇرغاندا، پۇل
تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن رەسمىي تالون كېسىپ بېرىدۇ. (قو-
شۇمچە 2-ماتېرىيال) تالون تۆت نۇسخا بولۇپ، كۆكچىپ
(ئەھەيلە) پۇل تاپشۇرغۇچى ۋە شۇ كىشىنىڭ ئىدارىسى بىر
نۇسخىدىن ئالىدۇ. پۇل ئالغۇچى ئورۇن بىر نۇسخا ساق-
لايدۇ. ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەرگە بېرىلىدىغان ئۇقتۇ-
رۇش بىلەن تالوننى ناھىيىلىك ياكى ناھىيىگە تەڭ دە-
رىجىلىك ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى تارماقلى-
رى بىر تۇتاش بېسىپ، بىر تۇتاش نومۇر سېلىپ تارقى-
تىدۇ. ئۇنى ئەستايىدىل تىزىملاش ۋە ساقلاش كېرەك.

## 2- باشقۇرۇش تۈزۈمى

ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇلنى بىر تۇتاش يىغىش، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش يولغا قويۇلىدۇ. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن يىغىۋېلىنغان پۇلنى گۇڭشې (يېزا) ياكى بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ . شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدىكى ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن يىغىۋېلىنغان پۇللارنى مەھەللە ئىش باشقۇرۇش باشقارمىلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. بۇ پۇللارغا مەخسۇس ھېسابات ئېچىپ بانكىغا قويۇش ياكى ئىناۋەتلىك قەرز كوپىراتىپلىرىغا قويۇش، مەخسۇس كىشى مەسئۇل بولۇشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇتتا ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇلنىڭ ئومۇمىي ھېسابات دەپتىرى (قوشۇمچە ۋە ماتېرىيال)نى تۇرغۇزۇش، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇل كىرىمى، باشقا كىرىم، قالدۇق، ۋاقىتلىق قويۇلغان پۇل، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇلنىڭ چىقىمى، ۋاقىتنىچە تۆلەنگەن پۇل، نەق پۇل، بانكىدا قويۇلغان پۇل قاتارلىق سەككىز ئومۇمىي ھېسابات بوغالتىرىيە تۈرىنى تەسىس قىلىش كېرەك . «قالدۇق» تۈرىدە يىللىق ئاتىچوتنىڭ كىرىم- چىقىمى بولىدۇ. سەككىز

ئومۇمىي ھېساپات بوغالتىرىيە تۈرى — ئومۇمىي ھېساپاتتىكى ھەر قايسى ھېساپات تۈرىنىڭ نامى بولىدۇ. پۇل ئىشلەت-غانلار ئىچوتلار بويىچە ئايرىلغان ھېساپات دەپتىرى (قوشۇمچە 4-ماتېرىيال)، نەق پۇل كاسسىر ھېساپات دەپ-تىرى (قوشۇمچە 5-ماتېرىيال)، چىقىم تەپسىلىي ھېساپات دەپتىرى (قوشۇمچە 6-ماتېرىيال)لارغا ئايرىلىدۇ. قوشۇمچە 7-ماتېرىيالدىكى چىقىم تۈرلىرىدە تەپسىلىي ھېساپات دەپ-تىرى تۈزۈلىدۇ. ھېساپات خاتىرىلەش ئالۇنلىرى، تۈر-لەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان جەدۋەللىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۇسخىلىرىنى ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئۆزلىرى بەلگىلىسە بولىدۇ. يىغىۋېلىش بىلەن تاپشۇرۇش-نى ئادەمگە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يىغىۋېلىشتا ئالۇن بولۇش، چىقىم قىلىشتا ئاساس بولۇشنى يولغا قويۇپ، خىيانەتچى-لىكنى، پۇلنى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشنى ۋە بۇزۇپ چېچ-چىشنى تۈگىتىش كېرەك. ئىلتىماس قىلىپ يالغۇز پەرزەنت كۆرگەنلىك كىنىشكىسى ئالغان ئەر-خوتۇنلار ئىچىدە، كېي-يىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەر بولسا، ئۇلار ئەسلىدە بەھرىمەن بولغان بارلىق مۇكاپاتلارنى بېرىدەك مۇكاپات بەرگەن ئورۇنغا قايتۇرۇشى كېرەك. بۇلار يېزىلاردا كوممىي-نە ئەترەتلەرنىڭ جامائەت پاراۋانلىق فوندىنى تاشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. مەمۇرىي ئورۇنلار، كارخانا، كەسپىي

ئورۇنلار ئۆز ئورنىدىكى پاراۋانلىق خىراجىتىنى ئاشۇرۇش-قا ئىشلەتسە، بولامدۇ. دۆلەت ياردەم قىلغان يالغۇز پەر-زەنتلەردىكى ساقلىقىنى ساقلاش خىراجەتلىرىنى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى يالغۇز پەرزەنتلەردىكى ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتىنى كۆپەيتىشكە تاجرىتالىغان يول قىلسا بولىدۇ.

## 3. ئىشلىتىش دائىرىسى

ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن يىغىۋېلىنغان پۇلنى پۈتۈنلەي پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. ئۇنى ئاساسلىقى: يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ ساقلىقىنى ساق-لاش خىراجەت چىقىمىغا. پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلارغا ياردەم قىلىدىغان بىر قىسىم ئۇزۇقلۇق خىراجىتىگە؛ تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇر-غان ئايرىم كىشىلەرنىڭ يول خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىشلەتسە بولىدۇ.

## 4. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى

گۇڭشې (ناھىيىگە قاراشلىق رايون، يېزا، بازار) لار-دا مەخسۇس رەھبەر باشقۇرىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي كادىرلىرى، مالىيە، ئاشلىق بوغالتىرى، بانكا ياكى ئىنا-ۋەتلىك قەرز كوپېراتىپلىرىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل بول-داشلاردىن تەشكىل قىلىنغان خىراجەت باشقۇرۇش گۇرۇپ-

پىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئې- لىنغان پۇلنىڭ كىرىم- چىقىم ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ تۇ- رۇش كېرەك. پۇل ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار ئالدى بىلەن چىقىم قىلىش پىلانىنى يوللايدۇ، چىقىم قىلىنىدىغان پۇل 20 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ئۇنى شۇ ئىشقا مەسئۇل رەھبەر تەستىقلايدۇ، 20 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە بولسا، خىراج- ەت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ قا- رار چىقىرىدۇ. ئاندىن شۇ ئىشقا مەسئۇل رەھبەر تەستىق- لايدۇ. 100 يۈەندىن ئېشىپ كەتسە، ناھىيىلىك پىلانلىق تۇ- غۇت تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللىنىدۇ.

«بىرلا رەھبەر» تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى يول- غا قويۇش — پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرىدىغان رەھبەر- لىك بىر خىراجەت چىقىمىنى ئۆزى خالىغانچە تەس- تىقلىيالمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

5- ھەيدەكچىلىك قىلىش - تەكشۈرۈش

گۇڭشې (ناھىيىگە قاراشلىق رايون، مەھەللە، بازار، مەمۇرىي ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ھەر ئايدا «ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇل چىقىم جەد- ۋىلى»نى تۈزۈپ يوللايدۇ (قوشۇمچە 7- ماتېرىيال). ناھ- ىيە (رايون)، ھەر پەسىللەردە (رايون، شەھەر) ھەر يېرىم يىلدا ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللايدۇ، ھەر قايسى

ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ھەر يىلىنىڭ ۋە-ئاي ئا-
خىرىسىدىن ئىلگىرى ۋە ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئې-
لىنغان پۇل كىرىم- چىقىم ئەھۋالىنىڭ ئومۇمىي جەدۋى-
لىنى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە مىنىس-
تىرلىكىگە يوللايدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ
ئەترەتلىرى ھەر يەسلىدە ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەر-
دىن ئېلىنغان پۇلنىڭ كىرىم- چىقىم ئەھۋالىنى جەدۋەل-
لەشتۈرۈپ گۇڭشې ئەزالىرىغا ئېلان قىلىدۇ. ئاممىنىڭ نا-
زارىتىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئورگانلىرى بىلەن
مالىيە تارماقلىرى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، قەرەللىك ياكى قە-
رەلسىز ھالدا ئۆزلىرىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئارتۇق
پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇلنى باشقۇرۇش ئەھ-
ۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە سېزىلگەندە، ئۇنى ئۆز ۋاقتىدا
ھەل قىلىپ تۇرىدۇ. ئوبدان باشقۇرغانلارنى تەقدىرلەپ، ئۇلار-
نىڭ تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاپ كېڭەيتىش، ناچار باشقۇر-
غانلارنى تەنقىدلەپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشقا يار-
دەملىشىش؛ خىيانەت قىلغان، باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكەن،
بۇزۇپ- چېچىپ ئىسراپ قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈ-
رۈشتە قىلىپ، ئۇلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىدىكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار مەزكۇر بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئۆز رايونلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن يىغىۋالمىغان ئىلگىرىكى پۇللارنى يىغىش ۋە ئۇنى ئىش-لىتىش ئەھۋاللىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر قېتىم رەتكە سېلىپ چىقىش ھەمدە ئۇنى باشقۇرۇش تەپسىلىي بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى دۆلەت پىلانلىق تۇ-غۇت كومىتېتىغا، مالىيە مىنىستىرلىكىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇشلىرى كېرەك.

## دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش «قوش ئورۇنلۇق» تۈزۈمىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاپ، تەمىنلەش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى كۈچەيتىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1988-يىلى 11-ئاينىڭ 15-كۈنى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك تېببىي دورىلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق بەش مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت بىرلىكتە «ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. بۇ ئۇقتۇرۇش دۆلەتلىك مال باھا باش ئىدارىسىنىڭ ماقۇللىشىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىنىدۇ: جايلار ھەقسىز تارقىتىشنى دا-

ۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، تىببىي دورىلارنى پارچە سېتىش
ماگىزىنلىرى، دوختۇرخانىلار، يېزا ئاپتېكىسى قاتارلىق تەمىن-
لەش سودا كوپېراتىپلىرى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش
دورا - سايمانلىرىنى پارچە سېتىش خىزمىتىنى قانات يايـ-
دۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇقىم ئورۇندا يېتەكلەش ۋەزىپە قىلىپ، ئەمە-
لىيەتچىل ياخشى ئىشلىتىشى لازىم. ھامىلدارلىقتىن ساق-
لىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشنى ئوقۇش ئۇ-
يۇشتۇرۇش تۈزۈمى، بولۇپمۇ يولغا قويۇش — دۆلەت ئىمزالىق
ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش
خىزمىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئىسلاھات بولۇپ، ئاساسىي مەق-
سىتى: ئېلىش يوقىرى، چەك بىلەن يەرلىكتىكى ئاممىغا قو-
لايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. جايلار بۇ ئىسلاھات-
نى ۋە بۇ تەدبىرنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈ-
چۈن بۇ ھەقلىق پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات پائالىيىتى
داۋامىدا، تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدى-
لىنىپ، بۇ تەدبىرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە يولغا قويۇ-
لۇش چارىسى، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمان
ئىلمىي بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەش يوللىرى ۋە پارچە ئې-
لىش يوللىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن
دۆلەت بويىچە ئەر - ئاياللارنىڭ شۇندىلا ھەممە كىشىگە
بىلدۈرۈشنى، تېرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر «ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشنى قوش ئورۇنلۇق يولغا قويۇش توغ‑ رىسىدىكى تەشۋىقات تىزىسى»نى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن بېسىپ تارقاتتۇق. بۇ ئۇقتۇرۇش دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى 1989-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى تارقات‑ قان [1989] 3-نومۇرلۇق ھۆججەتتىن ئېلىندى.

## ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرى بى‑ لەن تەمىنلەشتىكى قوش ئورۇنلۇق تۈزۈم بو‑ يىچە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى تەشۋىقات تىزىسى

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا‑سايمانلىرىنى ئىش‑ لەپچىقىرىشنى ياخشىلاپ، تەمىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1988-يىلى 10-ئايدا گوۋۇيۈەندىكى رەھبىرى يولداشلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن مۇزا‑ كىرە قىلىش ئارقىلىق، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا‑ سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشنى «قوش ئورۇنلۇق تۈزۈم» بويىچە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يوليورۇققا ئاساسەن، 1988-يىلى 11-ئاينىڭ 15- كۈنى دۆلەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، مالىيە مىنىس‑ تىرلىكى، خىمىيە سانائىتى مىنىستىرلىكى ھەمدە سودا مىنىستىر‑

لىكى، دۆلەتلىك تىببىي دورىلارنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق بەش مىنىستىرلىك ۋە كومىتېت بىرلىكتە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى ۋە ئۇنى دۆلەتلىك مال باھا باش ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇقتۇرۇش شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، ھەر قايسى جايلار ھەقسىز تارقىتىشنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بارلىق تىببىي دورىلارنى پارچە سېتىش ماگىزىنلىرى، دوختۇرخانا، يېزا ئاساسىي قاتلاملاردىكى تەمىنلەش سودا كوپىراتىپلىرى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى پارچە سېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ ھەمدە چوقۇم ئورۇنلايدىغان ۋەزىپە قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇش لازىم.

## 1. «قوش ئوربىتىلىق تۈزۈلۈم» دېگەن نېمە؟

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشتە «قوش ئوربىتىلىق تۈزۈلۈم»نى يولغا قويۇش دېگىنىمىز: ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى پىلان بويىچە ھەقسىز تەمىنلەش سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر - يېزىلاردا ھەقسىز تارقىتىشنى يولغا

قويۇشنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بازارلاردا سېتىشقا بىر-
لەشتۈرۈپ تەمىنلەش چارىسى ھەقسىز تارقىتىشنىڭ بىر
ئوربىتىسىدۇر. بازارلاردا سېتىش بولسا، يەنە بىر ۋە ئور-
بىتىسىدۇر. ئومۇمەن ھەقسىز تارقىتىدىغان جايلار بولۇ-
شى كېرەك.شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماگىزىن، دوختۇرخانىلار-
دىمۇ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى سې-
تىش كېرەك. قىسقىسى، ئامما ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھەقسىز
تارقىتىدىغان جايلارغا بېرىپ، دورا - سايمانلارنى ئالا-
لىمۇ بولىدۇ. ماگىزىنلاردىن ئالسىمۇ بولىدۇ. مانا بۇ
ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تە-
مىنلەشنىڭ «قوش ئوربىتىلىق تۈزۈمى»دۇر.

## 2. نېمىشقا «قوش ئوربىتىلىق تۈزۈم» يولغا قويۇلىدۇ؟

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا سايمانلىرى بىلەن
تەمىنلەشتە «قوش ئوربىتىلىق تۈزۈم»نى يولغا قويۇشنىڭ
مەقسىتى: ئەڭ يۇقىرى چەكتە جايلاردىكى خەلق ئاممىسىغا
قولايلىق يارىتىش، بۇنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇ-
رۇش، شۇ ئاساستا نوپۇسنى تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىش.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە تەشۋىق - تەربىيىنى ئا-
ساس قىلىش، دائىملىق خىزمەتلەرنى ئاساس قىلىش، ھا-
مىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىز-

چەكلاشتۇرۇش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايما-
لىرى ئۇنىڭ مۇھىم بولغان ماددىي كاپالىتىدۇر. ھامىلدار-
لىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش
ۋە تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— پىلانلىق تۇ-
غۇتنى يولغا قويۇپ، پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇش
ۋە پەرزەنت كۆرۈشنى ئازايتىش، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇ-
رۇۋېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئاياللارنىڭ تەن سا-
لامەتلىكىنى ئاسراشتا نىسبەتەن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تۆۋەنتىكى دۆلىتىمىزنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش
دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە تارقىتىش ئاسا-
سەن پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسى تەرىپىدىن پىلان بويىچە
ھەقسىز تارقىتىلىپ، دورىلارنىڭ ئومۇمىي تارقىتىلىش مىق-
دارى 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن
باشقا بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ تېببىي دورا ماگىزىنلىرى
ۋە تېببىي داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ تارقىتىش ياكى پار-
چە سېتىش مىقدارى دورىلارنىڭ ئومۇمىي تارقىتىلىش
مىقدارىنىڭ 5 — 10 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

دۆلىتىمىزدە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايـ
مانلىرىنى ھەقسىز تارقىتىش 1974-يىلى باشلانغان بو-
لۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇنداق قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئەھ-
ۋالىغا ئۇيغۇن كېلەتتى. شۇڭلاشقا كۆپ يىللاردىن بېرى

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئەجايىپ رول ئوينەيدى.

ھامىلدارلىقنى ساقلىنىش دورا- سايمانلىرى بىلەن مەقسەتسىز تەمىنلەش بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىپ كەلدى. جايلار ئاساسىي قاتلام پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت تورلىرىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى لازىم.

يېزا- كەنت، ئاھالە گۇرۇپپىلىرى، شەھەر، بازار، كوچا ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى، ئاھالە كومىتېت مەھەللە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس (قوشۇمچە) پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى بار بولۇشى لازىم شۇنداقلا ھامىلدارلىقنى ساقلىنىش دورا- سايمانلىرىنى تارقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇشى لازىم. ئورگانلار، زاۋۇت، كان- كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي قىسىم، قوراللىق ساقچى قىسىم سىستېمىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا مەخسۇس (قوشۇمچە) پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشى شۇنداقلا بۇ بىر خىزمەتكە مەسئۇل بولۇشى لازىم. بۇ ئورۇنلار ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ھامىلدارلىقنى ساقلىنىش دورا- سايمانلىرىنى شۇ جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئالدىن ئاجرىتىدۇ؛ دۆلەت ئاسا-

سى قاتلاملار دەرىجە بويىچە يۇقىرىغا يوللىغان دورا ـ
سايمان ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانى ۋە ئېھتىياجلىق مىقدا-
رى، تاۋارنىڭ تۈرلىرى بويىچە ھەر يىلى ئىشلەپچىقىر-
دىغان ۋە تەمىنلەيدىغان پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى
بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان قىلىپ، ھەر قايسى ئىشلەپ-
چىقىرىش زاۋۇتلىرىغا چۈشۈرۈپ، ئورۇنداشقا كاپالەتلىك
قىلىدۇ. كېيىن يەنە پىلان بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تار-
ماقلىرى تەرىپىدىن قاتلاممۇ قاتلام ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ
قولىغا يەتكۈزۈلىدۇ.

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى-تۇغۇتنىڭ
يۇقىرى پەللىگە دۇچ كەلمەكتە. دورا ئىشلەتكۈچىلەر-
نىڭ سانىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆرلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر-
گە، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئە-
گىشىپ شەھەر، يېزىلاردىكى ئېقىن نوپۇسلارنىڭ سانى-
مۇ كۆپەيمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتلەق بىر قىسىم ئا-
مما تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەقسىز تارقىتىلىدىغان
جايلاردىن ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئېلىشنى
خالىمايدۇ ياكى قولايسىز دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئەھ-
ۋالغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش
دورا ـ سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە تارقىتىش خىز-
مىتىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا بىزنىڭ ۋقۇش

ئورىبتىلىق تۈزۈم» دېگىنىمىز ئەشۇنداق بىر زۆرۈرىيەت ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى: ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**3. «قوش ئورىبتىلىق تۈزۈم» دېگەنلىك ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمان بىلەن تەمىنلەشتە «تاۋارلاشتۇرۇش» دېگەنلىكتىن دېرەك بېرەمدۇ - يوق؟**

دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمان بىلەن تەمىنلەشتە «تاۋارلاشتۇرۇش»نى يولغا قويۇش ھازىرچە ئۇيغۇن ئەمەس. ھەممىسىنى بازارلارغا ئەكىرىپ سېتىشقىمۇ بولمايدۇ. يەنىلا پىلان بويىچە ھەقسىز تارقىتىش سىياسىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى ئورىبتىلىق يولنى ساقلاپ تۇرۇش كېرەك. «قوش ئورىبتىلىق تۈزۈم»نى يولغا قويۇش، ھەقسىز تارقىتىش يوللىرىدىكى خىزمەتلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىم. چۈنكى 80 — 90 پىرسەنت خىزمەتچىلەرنىڭ سانلىقى يەنىلا ھەقسىز تارقىتىش سىستېمى-

لىرىغا ياتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە تەشۋىقات تارماقلىرى پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تارماقلىرى زىچ ماسلىشىپ، تەشۋىق - تەربىيە، تېخنىك يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ قەلبىدىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرىنى ئىشلىتىشتا ئارتىنىدىغان تەرىپىگە قارىتا تەشۋىقات ۋە دورىلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاما ۋاقتىدا ئۆزگە كېرەكلىك بولغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى ئالالايدىغان بولۇش ھەم توغرا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش، ھەقسىز تارقىتىشتىن ئىبارەت بۇ بىر ئورۇنتا يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**4. «قوش ئوربىتىلىق تۇزۇم»نى يولغا قويۇش ئاممىدا مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى دەيدىغان خاتا چۈشەنچىنى پەيدا قىلامدۇ؟**

ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشتە «قوش ئوربىتىلىق تۇزۇم» نى يولغا قويغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئاما «بۇمۇ بىر خىل مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى» دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىقتىسادىن بېشىمىنىڭ كۈچىيىشىدەك بىر خىل ئېھتىماللىقىمۇ

مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭلاشقىمىز تەشۋىقاتنى چىڭقۇر، ئومۇمـيۈزلۈك ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

«قوش ئورىمتىلىق تۈزۈم»نى يولغا قويۇشنىڭ ئاچقۇچى — «قوش» دېگەن سۆزدە بولۇپ، ھەقسىز تارقىتىش يوللىرىنى قالدۇرۇۋەتمەسلىك دېگەنلىك. پۇل تۆلەپ سېتىۋېلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ھەقسىز تارقىتىش يوللىرى بىلەن دورىلارنى ئېلىشقا تامامەن بولىدۇ. سېتىلىۋاتقان بىر قىسمى بولسا، ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ، مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم ئىش.

دۆلىتىمىزنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىغا 15% قوشۇلىدۇ. تۈرلۈك ماتېرىيال ۋە خام ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىمۇ ۋە پارچە سېتىش باھاسىمۇ مەلۇم مىقداردا ئۆسىدۇ. ئەمما دۆلەت سىرتىدىكى ئوخشاش خىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش تاۋارلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇنىڭ باھاسى يەنە خېلىلا تۆۋەن. قايسىغا ئېھتىياجلىق ياكى جەددىي ئېھتىياجلىق بولسا، ئامما ئۇنى پۇل خەجلەپ سېتىۋالىدۇ ـ دە، ئادەتتە ئىقتىسادىي يۈك پەيدا قىلمايدۇ. بازارلارغىمۇ بولغان تەسىرى ئىنتـ

تايىن كىچىك بولىدۇ. بەش تارماق بىرلىكتە تارقاتقان ھۆججەتنى گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىرى تەستىقلىغان. مال باھا مەسىلىسىگە تارىتامۇ دۆلەتلىك مال باھا باش ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن.

5. ماگىزىنلاردا قايسى خىلدىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى سېتىشقا بولىدۇ؟

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، دۆلىتىمىز ئۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا رۇخسەت قىلغان ۋە ئىشلىتىش ئومۇملاشقان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى سېتىشقا بولىدۇ. ئۆۋەتتە دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىپ تەمىنلەۋاتقان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) بالا ياتقۇ ئىچىدىكى تۇغۇت چەكلەش سايمىنى، يەنى بالىياتقۇ ئىچىدىكى تۇغۇت چەكلەش سايمىنى — تۇغۇت چەكلەش ھالقىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى مېتالدا ياسالغان ھالقا، يەككە چەمبىرەك ھالقا بولىدۇ. مېتال سىزلياۋ ھالقىسى، بالاياتقۇ شەكلىدىكى ھالقا Tcu ۋە Vcu دىن ئىبارەت بالاياتقۇ ئىچىدىكى تۇغۇت چەكلەش سايمانلىرى قاتارلىق بىر نەچچە خىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ئىچىدىغان دورا ۋە ئوكۇل قىلىنىدىغان دورىلار-

دىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا ئۈنۈملۈك، تېز ئۈتۈملۈك (ئائىلە يوقلاش دورىسى) ئۇزۇن ئۈنۈملۈك قوشۇمچە دورا قاتارلىق ئون نەچچە خىل ياسالمىلارنى كۆرسىتىدۇ.

3) جىنسى يولغا ئىشلىتىلىدىغان دورا - سايمان. دېمەك بۇ دائىم ئىشلىتىلىۋاتقان سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورا ۋە بالا ياتقۇ قاپچۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار، يەنى دورىلىق پەردە، كاندۇن، سىرتتىن ئىشلىتىلىدىغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش مەلھىمى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش قاپچۇقى. بالا ياتقۇدىكى تۇغۇت چەكلەش سايمىنىنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا، دوختۇرخانىلارغا بېرىپ، ئاياللار بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىشلىتىش. ئادەتتە تېببىي دورا ماگىزىنلىرىدا سېتىشقا بولمايدۇ. باشقا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىرىنى تېببىي دورا ماگىزىنلىرىدىن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. دورا - ئوكۇللارنى ئىشلەتكەندە، بەزى مەنئىي قىلىنغان كېسەللىكلەر دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلىتىشى. بۇنداق دورىلارنى سېتىۋالغۇچىلار ئاۋۋال دوختۇرغا تەكشۈرتۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ-يوق؟ — ئاندىن سېتىۋېلىش، خا-

لىغانچە قالايمىقان سېتىۋېلىپ ئىشلەتمەسلىك، بىرنداق
قىلمىغاندا، سالامەتلىككە تەسىر يېتىدۇ. ھامىلدارلىقتىن
ساقلىنىش دورا – سايمانلىرىنى ساتقۇچى تېببىي دورا دوختۇر-
خانىلىرى دورىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بويىچە ئادەمغا كۆپ-
لەپ يېتەكچىلىك قىلىش لازىم. گاندون ۋە باشقا سىرت-
تىن ئىشلىتىلىدىغان پەردە ۋە دورىلار بەدەنگە ئەكس
تەسىر بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇنى ئومۇميۈزلۈك سېتىشقا بولا-
دۇ. ئەمما دورىلارنى سېتىۋالغاندا، چۈشەندۈرۈشنى ئىنچى-
كە كۆرۈپ ئىشلەتكەندە، ئاندىن تەن – سالامەتلىككە تە-
سىر يەتكۈزمەيدۇ ھەمدە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشتا مەغ-
لۇبىيەتكە ئۇچرىمايدۇ.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تېخنىك يېتەكچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ئاممىدىن كەلگەن خەت-چەك ۋە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەكشۈرگەن تېپىك ماتېرىياللىرىنىڭ ئىنكاسلىرىغا ئاساسلانغاندا، يېقىنقى بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان مەلۇم ۋىلايەتلەردىكى تىببىي خادىملار ۋە بىر قىسىم مەمۇرىي رەھبىرىي يولداشلار «پىلانلىق تۇغۇت دېگەن ئاممىنىڭ ئۆز ئىشى، سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىغان. ھەتتا بەزىلەر ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى تەشۋىق قىلىش سىياسىي خاراكتېردىكى جىنايەت ۋە خاتالىق دەپ قارىماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، ئامما ئارىسىدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرى تەشۋىق قىلىنمايۋاتىدۇ. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تېخنىك يېتەكچىلىك

ئامبۇلاتورىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياكى ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بازارلاردا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىرىنىڭ تەمىنلىنىشى كەمچىل، سۈپىتىمۇ ناچار. سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇرۇۋېتىش، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلار كۆنسايىن كۆپەيىپ، داۋالاش تارماقلىرىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرماقتا. بەزى ئوپېراتسىيىلەردە ئېھتىياتچان بولمىغانلىقتىن، ئاياللارنىڭ ھاياتى ۋە سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. ئاياللارنىڭ ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارنى تېخىمۇ ياخشى بېقىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن سەھىيە تارماقلىرى ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسلىرىنىڭ ۋە ماددىسىدىكى تۇغۇتقا چەكلىمە قويۇپ، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش روھىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. شەھەرلەر ۋە نوپۇسى بىرقەدەر زىچ بولغان يېزىلار تۇغۇت چەكلەشنى تەشۋىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش لازىم. پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈپ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش تېخنىك يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-بۇيۇملىرىنى ۋە سايمانلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ تەلەپ، ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم.

(سەھىيە مىنىستىرلىكى 1962-يىلى 4-ئاينىڭ 5-كۈنى [62] 2-نومۇرلۇق «پىلانلىق تۇغۇت ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بەلەملىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە تېخنىكىيېتەكچىلىك خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى قانات يايدۇرۇش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشتىن ئېلىندى)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇرۇۋېتىش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ئاياللار ۋە ئۆسمۈرلەرنى قوغداش، كېيىنكى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەش، مىللەتنىڭ ساغلام گۈللىنىشى ئۈچۈن تۇغۇت چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر. ھەرقايسى جايلاردىكى سەھىيە تارماقلىرى جايلاردىكى پارتكومىتېت رەھبەرلىكىدە، شۇ جايلاردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، تۇغۇت چەكلەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشى ۋە قانات يايدۇرۇشى لازىم. تۇغۇت چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنى ئاكتىپلىق بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان ۋە دورا بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى

قانات يايدۇرۇش، ھەردەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ 1956-يىلى 8-ئايدىكى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش دېگەن كۆرسەتمىسىنىڭ روھى بويىچە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ھەم ئاكتىپ بولغان ئىزچىل ئۇسۇل ھەم ئامما قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇل. بۇ خىزمەتنى سەھىيە كەسپىنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش لازىم.

سەھىيە مىنىستىرلىكى 1957-يىل 5-ئاينىڭ 15-كۈنى [57] سەھىيە ئاياللار بىرلەشمىسى ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش 20-نومۇرلۇق «سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇرۇۋېتىش ۋە تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى توغرىسىدا»دىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئېلان قىلدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى بىر نەچچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى

(81) 32-نومۇرلۇق

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پىلانلىق ھالدا تىزگىنلەش — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، قۇدرەت تېپىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بۇ خىزمەتنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ نوپۇسنى تىزگىنلەش پىلانىنى ئۆز ۋاقتىدا ئورۇنداش لازىم. دۆلەتنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ مەزكۇر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ئالاھىدە تۈزۈلدى:

**1-ماددا** شىنجاڭدا پەلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئاساسلىقى خەنزۇ مىللىتى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارىتا پەلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن زورمۇ زور بەلگىلىمىلەر بەلگىلەنمەيدۇ. تۇغۇتتا چەك قويۇش تەلىپى بارلارغا يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ.

**2-ماددا** پەلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىدىكى ئاساسلىق تەلەپ: كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، ساز تۇغۇش، ئۇچىنچى پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت.

ئاياللار 24 ياشتىن ئاشقاندا تۇغسا، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەنلەر بولىدۇ.

ئاز تۇغۇش، يەنى ھەر بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىر پەرزەنت كۆرۈش، شەھەرلەردە ئومۇميۈزلۈك ھالدا بىردىن پەرزەنت كۆرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. ناھىيە، بازار، دېھقانچىلىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن-مەيدانلىرى ۋە خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەردە بىر پەرزەنت كۆرۈش تەلەپ قىلىنىپ، يىلدىن-يىلغا بىر بالىلىق بولۇش نىسبىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىپ، ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان ئەر-خوتۇنلارنى پەلانلىق تۈردە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

پەرزەنت كۆرۈش ۋاقتى ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن يۇقىرى بو-
لۇشى كېرەك.

(1) تۇنجى پەرزەنتى غەيرى ئىرسىيەت خاراكتېرلىك مېيىپ كېسەل بولۇپ، نورمال ئەمگەك كۈچى بولۇپ چى-
قالمىسا؛

(2) قايتا نىكاھلانغان ئەر-خوتۇننىڭ بىرلا پەرزەن-
تى بولۇپ، بىر تەرەپ پەرزەنت كۆرمىگەن، يەنە بىر پەر-
زەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا؛

(3) كۆپ يىل ھامىلدار بولماي، بىر بالا بېقىۋالغان-
دىن كېيىن ھامىلدار بولۇپ تۇغۇشنى تەلەپ قىلسا؛

(4) چارۋىچىلىق رايونلىرىدا، ئېگىز تاغلىق رايون-
لاردا ۋە نوپۇسى شالاڭ يىراق چېگرا رايونلاردا ئولتۇ-
رۇشلۇق ئەر-خوتۇنلار بولسا؛

(5) خەنزۇلار (ئەر) نىكاھلانغان ئاز سانلىق مىللەت
(ئايال) ئەر-خوتۇنلاردىن بولسا؛

(6) بىر پەرزەنت تۇغۇپ بوغدۇرۋەتكەندىن كېيىن، قايتا ھامىلدار بولۇپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق سۈنئىي ئۇ-
سۇلدا بالا چۈشۈرۈۋېتىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارالغان-
لار؛

(7) باشقا پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىككىن-
چى پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلار؛

ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغانلار چوقۇم شۇ جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى كېرەك. تۇغۇشقا بولمايدىغان ئەرخوتۇنلار ئاتالىق تۈردە تۇغۇشقا چەك قويۇش ئىشەنچلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۇغۇتقا چەك قويۇش تۈزۈمىنى ئەرخوتۇن ئىككىيلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تاللىۋالىدۇ.

3- ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلا پەرزەنتلىك بولغان ئەرخوتۇنلارغا مۇكاپات ۋە ئېتىبار بېرىلىدۇ.

(1) كېچىككەن پەرزەنت كۆرگەنلەرنىڭ تۇغۇت روخسىتىگە 15 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئىش ھەققىنى ئاۋۋالقىدەكلا بېرىۋېرىدۇ. ئىش ھەققى دومۇرىنى ئاۋۋالقىدەكلا ئېلىۋېرىدۇ. يىل ئاخىرىسىدىكى مۇكاپات باھالىشىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

(2) بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىختىيار قىلىشقان ئەرخوتۇنلار ئۆزىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن ناھىيىدىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ئۇلارغا «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىمۇ «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھ-

نامىسى» ئېلىشقا ئىنتىلىش قىلىشقا بولىدۇ:

1- قايتا نىكاھلانغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر بالىسى بولۇپ، يەنە پەرزەنت كۆرمەيدىغان بولسا؛

2- ئەسلىدە ئىككى پەرزەنتى بولۇپ، بىرسى ئۆلۈپ كېتىپ، قايتا پەرزەنت كۆرمەيدىغان بولسا؛

3- 1964-يىل 1-ئايدىن كېيىن بىر پەرزەنت كۆرگەن بولسا، (ئون ياشتىن ئاشقان پەرزەنتلەرگە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىلمەيدۇ)؛

4- پەرزەنتى بولماي بىر بالا بېقىۋالغان بولسا، (پەقەت «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» لا بېرىلىدۇ، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇكاپاتىدىن ياكى ئىش ھەققى نومۇرىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ).

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلمەيدۇ:

1- ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىنى باشقىلارغا بېرىۋەتكەنلەر بولسا؛

2- قايتا نىكاھلانغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىر پەرزەنتى بولۇپ، يەنە بىرنى تۇغقان بولسا؛

3- ئىككى پەرزەنت كۆرگەن ئەر-خوتۇنلار نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىپ، ھەر قايسىسى بىردىن بالا ئالغان بولسا؛

4- قوش كېزەك ۋە كۆپ كېزەكلىك پەرزەنت كۆرگەن ئەر-

خوتۇنلار بولسا؛

(3) يالغۇز پەرزەنتلىك ئائىلىلەر «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» بىلەن تۇغۇت تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛

1- پەرزەنتى تاكى ئون ياشقا توشقىچە ھەر يىلى بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇكاپات سوممىسىدىن 60 يۈەن ياكى شۇنىڭغا تەڭ ئىش ھەققى نومۇرى بېرىلىدۇ؛ ئانىسىغا بىر يىللىق تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ. (دۆلەت بەلگىلىگەن تۇغۇت رۇخسىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). خىزمەت ستاژى، ئىش ھەققى ئاۋۋالقىدەكلا بولىۋېرىدۇ. ئىش ھەققى نومۇرى ئاۋۋالقىدەكلا بېرىلىۋېرىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بىرىنى ئەر-خوتۇنلار ئۆزلىرى تاللىۋېلىپ، ئىدارىسى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلسا بولىدۇ.

2- يالغۇز پەرزەنتلەر يەسلى (بالىلار باغچىسى)، مەكتەپكە كىرىش، داۋالىنىشتىن ئىبارەت تۆتتە ئالدىن ئېتىبار بېرىشتىن ۋە مۇناسىۋەتلىك پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ، شەرت-شارائىتى بار ئورۇنلار ئەھۋالغا قاراپ يەڭگىللەتسە بولىدۇ.

3- خىزمەتچى ئەر-خوتۇنلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى كېسەل بولۇپ قېلىپ، قارىشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بېرىسىگە دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئىدارە-

ئۇنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بالىغا قاراش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. بالىغا قاراش مەزگىلىدە ئىش ھەققىنىڭ 90% تى بېرىلىدۇ. بالىغا قاراش رۇخسىتى 45 كۈن ئىچىدە بولسا، يىللىق مۇكاپات باھالاشقا تەسىر قىلمايدۇ.

4- يالغۇز پەرزەنتلەر تاغقا، يېزىغا چۈشۈرۈلمەيدۇ، خىزمەتكە، ئىشچىلىققا، ئوقۇغۇچىلىققا، ھەربىيلىككە قوبۇل قىلىشتا، ئوخشاش شەرت ئاستىدا، ئاۋال ئېتىبار بېرىلىپ قوبۇل قىلىنىدۇ. خىزمەتكە تەقسىم قىلىشتا، ئىلاجى بار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇلار قېشىدا قېپقېلىشقا ئېتىبار قىلىنىدۇ.

5- 1980-يىلدىن باشلاپ يالغۇز پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسى پېنسىيىگە چىققاندا، ئۇلارغا 5% تىن پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ. پېنسىيە پۇلى 100% بويىچە ئالىدىغانلارغا قوشۇپ بېرىلمەيدۇ.

6- يېزىلاردىكى يالغۇز پەرزەنت ئائىلىسىگە تۆت كىشىلىك قالدۇرۇق يەر (چارۋا) ۋە ئۆي سېلىش يېرى ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. ئىشچىلىققا ئېلىشتا ۋە سانائەت قوشۇمچە كەسپىگە خادىملارنى تاللاشتا، يالغۇز پەرزەنتلەرگە ئالدى بىلەن ئېتىبار بېرىلىدۇ. يالغۇز پەرزەنتلەرنىڭ نورما ئاشلىقى چوڭلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەمىنلىنىدۇ. يالغۇز پەرزەنت-

لەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى گۇڭشې ئەزاسى بولۇپ، قېرىپ ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان ئېتىبار بېرىپ، ھەر ئايدا ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە تۇرمۇش ياردەم خىراجىتى تارقىتىپ بېرىدۇ.

7- يالغۇز پەرزەنتلىك ئەر-خوتۇنلارغا شەرەپ مۇكاپاتى ياكى بىرقېتىملىق (نەق پۇل) مۇكاپات بېرىلىدۇ.

8- شەھەرلەردە ئۆي تەقسىم قىلغاندا، يالغۇز پەرزەنتلەر ئائىلىسىگە ئېتىبار بېرىلىدۇ. ئۇنىڭكى يەر مەيدانى ئىككى پەرزەنت ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

9- ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بىردەك يالغۇز پەرزەنت بولۇپ، نىكاھلانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى بىردەك بىۋاسىتە تۇغقىنى دەپ قارالسا، بەلگىلىمىدىكى ئالاقىدار مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

(4) مۇكاپات پۇلىنى چىقىم قىلىش ئۇسۇلى: مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز خىراجىتىدىن چىقىم قىلىپ، ئۇنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق تۈرىگە كىرگۈزىدۇ. كەسپىي ئورۇنلار پايدىدىن قالدۇرۇپ قالغان مەبلەغ ئىچىدىن چىقىم قىلىدۇ؛ ئارمىيە دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتىدىن چىقىم قىلىدۇ؛ يېزىلاردا جامائەت فوندىدىن چىقىم قىلىدۇ، ئوتتۇرىچە كىرىم 50 يۈەنگە يەتمەيدىغان

ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ
تەستىقىنى ئېلىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتىدىن
50% ياردەم قىلىدۇ. بازارلاردىكى ئىش-ئوقەتتە يوق ئائى-
لىلەرگە پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

بالىلار ساقلىغىنى ساقلاش مۇكاپات سوممىسى ياكى
مۇكاپات، تۇغۇت رۇخسىتىدىكى ئىش ھەققىنى ئەر-خوتۇن ئىك-
كى يەنىنىڭ ئىدارىسى 50% تىن بېرىشنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛
بىرتەرەپ يېزا، كۆچىشى ئەزاسى ياكى كىرىمى يوق شەھەر-
بازار ئائىلىسى بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان خىراجەتنى
خىزمەت قىلىۋاتقان تەرەپنىڭ ئىدارىسى پۈتۈنلەي ئۈستى-
گە ئالىدۇ. ۋاقىتلىق ئىشچىلار، (ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان
مەزگىلدە)غا ئىشلەۋاتقان ئورۇن بېرىدۇ.

(5) سىرتتىن ئېلىپ كېلىپ بېقىۋالغان يالغۇز پەرزەنت-
لەر شۇجايدىكى ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ خىراجەت چىقىملىرىنى ئەسلىدىكى ئورنى ھەل
قىلىپ بېرىدۇ.

(6) يالغۇز پەرزەنتلەر، گۇۋاھنامىسى ئېلىپ بولغاندىن
كېيىن، يەنە ئىككىنچى پەرزەنت كۆرسە، ئۇلارنىڭ بەھ-
رىمەن بولىدىغان مۇئامىلىسى توختىتىلىدۇ ۋە بېرىلگەن
مۇكاپاتلار قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ، نا-
ھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى

تەستىقلىغان بولسا، ئەھۋالغا قاراپ يېنىكلىتىشكە ۋە كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ.

(7) يالغۇز پەرزەنتى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىككىنچى پەرزەنت كۆرگەن بولسا، يەنىلا يالغۇز پەرزەنتلەر مۇئامىلىسىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولۇۋېرىدۇ.

(8) يالغۇز پەرزەنتى ئېغىر زەخىملىنىپ مېيىپ بولغان، ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشنى تەستىقلىغانلار ۋە قايتا نىكاھلىنىپ پەرزەنتى جەمئىي ئىككى بولغانلارنىڭ «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» يىغىۋېلىنىدۇ، ئۇلار بەھرىمەن بولۇۋاتقان مۇئامىلە ۋە مۇكاپات توختىتىلىدۇ، ئىلگىرى تارقىتىپ بېرىلگەن بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش مۇكاپات سوممىسى قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ.

**4-ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمىغان ئەر-خوتۇنلارغا چەكلىمە قويۇلىدۇ ۋە جازا بېرىلىدۇ.

(1) نىكاھلىنىشتا بەلگىلىمە بويىچە جەزمەن رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىش كېرەك. نىكاھلانغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرمەكچى بولسا، چوقۇم پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىش، تۇغۇش كۆرسەتكۈچى بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن ھامىلدار بولۇشقا بولىدۇ. كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش يېشىغا يېتىپ نىكاھلانغان ئاياللارغا تۇغۇش كۆرسەتكۈچىنى ئېتىبار قىلىپ ئالدىن بېرىشكە بولىدۇ.

(2) تۆۋەندىكى ئەھۋاللار بولسا، پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولغانلار ۋە پەرزەنت كۆرگەنلەر دەپ قارىلىدۇ:

1. توي قىلماي تۇرۇپ ھامىلدار بولغانلار؛

2. پەرزەنت كۆرۈش كۆرسەتكۈچى يوق تۇرۇپ ئىككىنچى پەرزەنتكە ھامىلدار بولغانلار؛

3. ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشنى تەستىقلىغان، لېكىن پەرزەنت كۆرۈش ۋاقىت ئارىلىقى ئۈچ يىلغا توشمايدىغانلار؛

4. پىلاندىن سىرت باشقا ھامىلدار بولغانلار؛

پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولغان ئەر-خوتۇنلارغا تەنقىدىي تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا تۇغماسلىق توغرىسىدا تەسىر قىلىش كېرەك؛ تەنقىدنى رەت قىلغانلارغا مەمۇرىي جازا بېرىش ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە چەكلەش (تۇغۇت رۇخسىتىنى شەخسىي ئىش ئۈچۈن سورالغان رۇخسەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش، تۇغۇت مەزگىلىدىكى ئىش ھەققىنى بەرمەسلىك، تۇغۇتتىن كېيىنكى تەكشۈرتۈش ۋە تۇغۇت خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈش، ئالاقىدار پاراۋانلىق مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولماسلىق قاتارلىقلار) لازىم.

(3) ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى پەرزەنت كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇۋالغان ئەر-خوتۇنلارغا مەمۇرىي جازا بىلەن ئىقتىسادىي جازا بېرىش كېرەك.

1. كۆپ پەرزەنتلىكلەردىن ئىجتىمائىي بېقىش خىراجىتى ئېلىش: ھامىلدار بولغان 7-ئېيىدىن باشلاپ بالا تاكى ئۇنى ياشقا كىرگۈچە كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى بولسا، ھەر ئايدا ئەر-خوتۇننىڭ ئىش ھەققىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 10% تۇتۇپ قېلىنىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىكى كۆچمەن ئەزالىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر يىللىق ئومۇمىي ئىش ھەققى نومۇرلىرىنى بوغقاندا، ئەر-خوتۇننىڭ ئىش ھەققى نومۇرىدىن 10%تى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ۋاقىتلىق ئىشچى ۋە مۇقىم خىزمەت ئورنى بولمىغان ئائىلە بولسا؛ ئۇنى ئىشلىتىۋاتقان ئورۇن ياكى مەھەللە پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى ئۇنىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10%تىنى يىغىۋالىدۇ.

ئارتۇق پەرزەنتى تۇغۇلۇپ كەتسە، (باشقىلارغا بېقىۋالغىلى بەرگەنلىرىدىن سىرت) كۆپ پەرزەنتلىكلەردىن ئىجتىمائىي بېقىش خىراجىتى ئېلىش توختىتىلىدۇ. ئىلگىرى ئېلىنغان پۇللار بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ.

كۆپ پەرزەنتى بارلاردىن ئېلىنغان ئىجتىمائىي بېقىش خىراجىتى شۇ ئورۇننىڭ خىراجىتىگە، جامائەت فوندىغا، دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتىگە ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتى ئىچىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

2. كۆپ پەرزەنتلەر ئاپىسىنىڭ ھامىلدار مەزگىلىدىكى تەكشۈرۈش پۇلى، تۇغۇت پۇلى، بالنىست پۇلى قاتارلىق-

لارنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. تۇغۇت مەزگىلىدىكى مائاشى بېرىلمەيدۇ. تۇغۇت رۇخسىتى شەخسىي ئىش بىلەن رۇخسەت سورىغانلار قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىنككى يىلغىچە ئىلغار بولۇپ باھالانمايدۇ، مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدۇ.

3. شەھەر-بازار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈزەن-مەيدانلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، كۆپ پەرزەنت كۆرگەن ئائىلىلەر بالىسىنىڭ كۆپ بولۇشىدىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالسا، ئۇلارغا پاراۋانلىق ياردەم پۇلى بېرىلمەيدۇ، تۇرۇشلۇق ئۆي-جاينى كېڭەيتىپ بېرىشكە بولمايدۇ. يېزىلاردا كۆپ پەرزەنت كۆرگەنلەرگە قالدۇرۇق يەر(چارۋا) ۋە ئۆي-جاي يېرى كېڭەيتىپ بېرىلمەيدۇ، بالىنىڭ ئاشلىق ۋە تۇرمىسى يېشىغا قاراپ بېرىلىدۇ.

4. كۆپ پەرزەنتلەر ھۆددىگە بېرىپ داۋالىنىشتىن، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشتىن ۋە بىۋاسىتە تۇققانلارنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتىسىدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. يەسلى پۇلى بەلگىلىمىسىگە يەنە 50% قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

(4) ئىككى پەرزەنتى بار ئەر-خوتۇنلار تۇغۇتقا چەك قويۇش جەھەتتە قوللانغان تەدبىرلىرى كارغا كەلمەي ھامىلدار بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ساق-

لىنىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك، پەرزەنت كۆرۈشتە چەك تۇرغۇزۇلسا، كۆپ پەرزەنتلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

5-ماددا 1980-يىلدىن باشلاپ ئۆمۈر بويى پەرزەنت كۆرمىگەن ئەر-ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر (جۈملىدىن تەن-ھالار) پېنسىيىگە چىققاندا، پېنسىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە-لەر بويىچە پېنسىيە 10% پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ. (پېنسىيە پۇلىنى 100% بويىچە ئېلىۋاتقانلارغا قوشۇپ بېرىلمەيدۇ) يېزا، گۇڭشې ئەزالىرى ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن قالغان-دا، ئۇلارغا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ھەر ئايدا يەتتەبەش يۇەندىن يەتتە يۇەن-گىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. شەرت-شارائىتى بار گۇڭشې-ئەترەتلەر تەدرىجىي ھالدا پېنسىيە ئىش ھەققى تولۇ-رى تۈزۈمىنى ياكى قېرىلار ساناتورىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئۇلارنى قېرىغاندا بېقىش كېرەك.

6-ماددا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىلغار رايونلار-نى، ئورۇنلارنى ۋە شەخسلەرنى باھالاشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى قىلىش، نوپۇسنى تىزگىنلەش پىلانىنى ياخشى ئىشلى-گەن ۋە ئورۇندىغان رايون ۋە بىرلىكلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەش ھەمدە ئۇلارغا مۇۋاپىق تۈردە ماددىي مۇكاپات (بۇنى پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتىدىن

چىقىم قىلسا بولىدۇ) ۋە شەرەپ مۇكاپاتى بېرىش كېرەك؛ ياخشى ئىشلىمىگەن رايون ۋە ئورۇنلارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلىش، ئۇددا ئىككى يىلغىچە نوپۇسنى تىزگىنلەش پىلانىنى ئورۇندىيالمىغان ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا، مۇۋاپىق ھالدا ئىقتىسادىي جەھەتتە جازالاش كېرەك. يېزا خەلق كومىتېتلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار، دۆلەت بەلگىلەپ بەرگەن نوپۇس كۆرسەتكۈچى بويىچە نورما ئاشلىق قالدۇرۇپ، كۆپ تۇغۇلسا ئاشلىقنى كۆپ قالدۇرماسلىق، ئاز تۇغۇلسا ئاشلىقنى ئازايتىۋەتمەسلىك كېرەك.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، تىببىي خادىملار، پەن-تېخنىكا خادىملىرى، يالاڭئاياق دوختۇرلار، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدىكى كەسپىي (قوشۇمچە) خادىملار، تەشۋىقاتچىلار قاتارلىقلارنى تەقدىرلەش ۋە ئۇلارغا ماددىي مۇكاپات (بۇ خىراجەتنى پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتىدىن چىقىم قىلسا بولىدۇ) بېرىش كېرەك.

شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ كۆز بويامچىلىق قىلغان، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئاكتىپلىرىغا زەربە بەرگەن ۋە پىتنە-پاسات تارقىتىپ زىيانكەشلىك قىلغان، باشقىلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ خورلىغان، يار-

دارمىيمىز قىلىپ قويغان، ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولغان ھەمدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان باشقا جىنايى قىلمىشى بارلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، ھەتتا قانۇن بويىچە ئۇنىڭ جىنايى ئىشلار مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

**7-ماددا** ئەرلەرنى ئەزىز، ئاياللارنى پەس كۆرىدىـ غان خاتا ئىدىيىنى ئۆزگەرتىپ، ئىشچانلىقتا، كادىرلىقتا قوبۇل قىلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇ- رۇش جەھەتلەردە، ئەر-ئاياللارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئەر-ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئەمگەككە ئوخشاش ھەق بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

**8-ماددا** ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىـ رى ۋە تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى ھەقسىز بولىدۇ. ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، بەلگىلىمە بويىچە دەم ئالغاندا ئىش ھەققى ئوخشاش بېرىلىدۇ، ئىش ھەققى نومۇرى ئوخشاش خا- تىرىلىنىدۇ. يىللىق مۇكاپات باھالاشقا تەسىر يەتمەيدۇ. تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ بولغانلارغا ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ھالدا ئوزۇقلۇق خىراجىتى ياكى ئوزۇقلۇق يېمەك بۇيۇملىرى بېرىلىدۇ. تۇققان يوقلاش رۇخسىتى ئېلىپ، تۇققان يوقلاش ئارىلىقىدا تۇغۇتقا چەك قويۇش ئو- پېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار تۇققان يوقلاش رۇخسىتى بىلەن

ئوپېراتسىيە قىلىش، دەم ئېلىشىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ.

خىزمەتچى ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىرسى تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرسا، يەنە بىرسىگە بىر ھەپتىلىك جورىسىغا قاراش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. ئىش ھەققى بېرىلىۋېرىدۇ، ئىش ھەققى نومۇرى خاتىرىلىنىۋېرىدۇ. يىللىق مۇكاپات باھالاشقا تەسىر يەتمەيدۇ.

يالغۇز پەرزەنتلەر ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئېغىر زەخمىلىنىپ مېيىپ بولۇپ قېلىپ، ئاتا-ئانىسى تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسىنى قىلدۇرغان بولۇپ، قايتا پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلاپ قويۇش ئوپېراتسىيىسى ھەقسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئىش ھەققى ئوخشاشلا بېرىلىۋېرىدۇ. ئىش ھەققى نومۇرى ئوخشاشلا خاتىرىلىنىۋېرىدۇ. يىللىق مۇكاپات، باھالاشقا تەسىر يەتمەيدۇ. پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقانلار بىر بالا بېقىۋالسا بولىدۇ.

تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىشتىن كېلىپ چىققان ھادىسە تۈپەيلىدىن قوزغالغان خاراكتېرلىك كېسەل، قېپقالغان كېسەللىكلەرنى ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك سەھىيە تارماقلىرى باھالاپ بېكىتكەندىن كېيىن، داۋالاش ئورۇنلىرى ئۇنى ھەقسىز داۋالاشقا مەسئۇل بولىدۇ، داۋالاش مەزگىلىدە ئىش ھەققى بېرىلىۋېرىدۇ، ئىش ھەققى نومۇرى خاتىرىلىنىۋېرىدۇ، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ياكى

ئۆلۈپ كەتكەنلەر، ئىش ئۈستىدە زەخمىلەنگەنلەر قاتارىدا بىرتەرەپ قىلىنىدۇ. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ئۆز ئورنى پاراۋانلىق خىراجىتىدىن (جامائەت فوندى)دىن ياردەم بېرىلىدۇ. شەھەر-بازارلاردىكى ئىش-ئوقىتى يوقلار-نىڭ ئىشلىرى تارماقلىرىغا مەلۇم قىلىپ ھەل قىلىنىدۇ.

**9-ماددا** «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» ئالغان كادىرلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە گۇئۇشى ئەزالىرى خىزمە-تىدىن يۆتكەلگەندە ياكى باشقا ئورۇنغا كۆچۈپ بارغاندا، ئەسلىدىكى ئورۇن ئۇلارنى يۆتكىلىپ بارغان ئورۇنغا تونۇش-تۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇلار بەلگىلىمىدىكى مۇئامىلەردىن داۋام-لىق بەھرىمەن بولىۋېرىدۇ. ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەندە ھەرقايسى رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى پى-لانلىق تۇغۇت تارماقلىرى تونۇشتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىدۇ. يۆتكىلىپ بارغان جايلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە-لەر بويىچە يالغۇز پەرزەنتلەر مۇئامىلىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولىۋېرىدۇ.

**10-ماددا** مەزكۇر بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىلگىرىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر مەزكۇر بەلگىلىمىگە زىت كەلسە، مەزكۇر بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن-لەرنى بىرتەرەپ قىلىپ بولغان مەسىلىلەر قايتا بىر تەرەپ

قىلىنمايدۇ، كېيىن دۆلەتنىڭ يېڭى بەلگىلىمىسى چىقسا، يېڭى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

مەزكۇر بەلگىلىمە روھى ئۈرۈمچىدىكى قىسىملارغىمۇ ئويغۇن كېلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھۆججىتى

ش ھ (1988) 56-نومۇرلۇق

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى، شىركەتلىرىگە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى سىلەرگە تارقاتتۇق. شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىڭلارنى سورايمىز. ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سالامەتلىكىنى ۋە ئائىلە سا-

پاسىنى ئۈستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن ئازسانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش خىزمىتى سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان مۇرەككەپ خىزمەت. بۇ خىزمەتنى ئېلىپ بېرىشتا، ھەم ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىشكە، ھەم ئاممىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ئېتىبار بىلەن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىش ئىشىنى مادىي ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتقاندەك ياخشى تۇتۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تارماقلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت بويىچە تۈرلۈك مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېزىلاردا. ھەرقايسى يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە بۇ خىزمەتكە مەسئۇل كىشى بولۇشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ خىراجىتىگە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تۈپتىن ئېيتقاندا، ئاممىۋى خىزمەت بولۇپ، ئۇنى خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭلىقلىقىغا ۋە

ئىختىيارلىقىغا تايىنىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، تەربىيە بېرىش، قايىل قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، توغۇت يېشىدىكى ھەرمىللەت ئەر-ئاياللارنى ئاڭلىق ۋە ئىختىيارلىق ئاساسىدا توغۇتچەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىش كېرەك.

پىلانلىق توغۇت خىزمىتى ئۇنىۋېرسال خىزمەت بولۇپ، ئۇنى ئىشلەشتە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىر-بىرىگە ھەمكارلىشىشى لازىم. ھەردەرىجىلىك پىلان، مالىيە، مائارىپ، خەلق ئىشلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سەھىيە-داۋالاش، دورا باشقۇرۇش، سودا سانائەت مەمۇرىيىتى قاتارلىق تارماقلار شۇنىڭدەك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى پىلانلىق توغۇت خىزمىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم. ھەرقايسى تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرى پىلانلىق توغۇت بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش لازىم. مىللىي، دىنىي زاتلارنى پىلانلىق توغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشقا قاتناشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ھەر

قانداق يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقسا، بۇنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتىغا ئىنكاس قىلىشىڭلارنى سورايمىز.

1988-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، 1988-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى ئېلان قىلىندى)

### بىرىنچى باب. ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئاھالىسىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئازسانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، نىكاھ قانۇنى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى.

**2-ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — مەملىكەت-

مىزنىڭ تۇپ سىياسىتى، ھەممە مىللەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار. ئەر-خوتۇنلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**3-ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا، دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئاممىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ. ئىدىيە جەھەتتىن سەپەرۋەر قىلىش، تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى ئاساس قىلىش، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوشۇمچە قىلىش فاڭجېنى يولغا قويۇلىدۇ.

**4-ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن نوپۇسنىڭ كۆپىيىش نىسبىتىنى تەڭ تۇتۇش، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىيات پىلانىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، نوپۇس تەرەققىياتى پىلانىنىمۇ تۈزۈشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش لازىم.

## ئىككىنچى باب. نىكاھ ۋە تۇغۇت

**5-ماددا** ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى

فۇشۇمچە بەلگىلىمىسىدە بەلگىلەنگەن ياشتىن تۆۋەن بولماس-لىقى، يەنى ئوغۇللار 20 ياشتىن، قىزلار 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

**6-ماددا** كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆ-رۈش ۋە ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. توي قىلىش ۋاقتىنى قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشىدىن كېچىكتۈرسە، كېچىكىپ توي قىلغانلىق بولىدۇ. توي قىلغان ئاياللار 22 يېشىدىن كېيىن (22 ياشقا توشۇشنىڭ ئىچىدە) تۇنجى بالا تۇغسا، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن بولىدۇ. بىر ئەر-خوتۇننىڭ ئۆمرىدە ئاخىرىغىچە ئىككىلا پەرزەنت كۆرۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. (باشقىلارغا بەرگەن ۋە بېقىۋالغان بالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

**7-ماددا** ئومۇمەن شەھەرلەردە، ناھىيە بازارلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر ئەر-خوتۇننىڭ ئىككى پەرزەنت كۆرۈشىگە بو-لىدۇ. تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئۈچ پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ.

1. تۇغۇلغان ئىككى پەرزەنتنىڭ بىرسى غەيرىي ئىرسى-يەت خاراكتېرلىك كېسەل بولۇپ، نورمال ئەمگەك كۈچى بولال-مايدىغان بولسا،

2. قايتا توي قىلغان ئەر-خوتۇننىڭ بۇرۇنقى بالىلىرى جەمئىي ئىككىدىن ئېشىپ كەتمىسە؛

3. ئاكا-ئۇكىلار ئىچىدە بىرەيلەننىڭلا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى بولغان بولسا،

4. ئەر- خوتۇن ئىككەيلەننىڭ بىرى يالغۇز پەرزەنت بولسا،

5. ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ بىرى قۇدۇق ئاستىدا ئۈچ يىلدىن كۆپرەك مەشغۇلات ئېلىپ بارغان بولسا، ھېلىھەم قۇدۇق ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسا،

6. ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرى بولسا ياكى ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ بىرى ھېلىمۇ چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان بولسا،

7. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى خىلدىكى ناھىيە بازارلىرىدا تۇرۇۋاتقان بولسا؛

**8- ماددا** يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق بىرجۈپ ئەر-خوتۇن ئومۇمەن ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندىكى شەرتلەردىن بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ تەستىقلاشى ئارقىلىق تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. بەش پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ.

1- پەرزەنتلىرى ئىچىدە غەيرىي ئىرسىيەت خاراكتېر-

لىك كېسەللىك بولسا.

2- قىزى بار، ئوغلى يوق بولسا.

3- قايتا نىكاھلانغان ئەر-خوتۇننىڭ بۇرۇنقى پەرزەنت-
لىرى جەمئىي ئۈچتىن ئاشمىغان بولسا.

9-ماددا ئەر-خوتۇن ئىككىيلەندىن بىرىنىڭ نوپۇ-
سى شەھەر-بازاردا بولۇپ، يەنە بىرىنىڭ نوپۇسى دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدا بولسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت-
لىرىنىڭ سانى ئايال تۇرۇشلۇق جايدىكى مۇناسىۋەتلىك
بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

10-ماددا مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي نوپۇسى 50 مىڭ-
دىن ئاز بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىرجۈپ
ئەر-خوتۇننىڭ 7-، 8- ماددىلاردىكى بەلگىلىمە ئاساسىدا
بىر بالىسى كۆپ بولسا بولىدۇ.

11-ماددا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەن ساغلاملىقىغا
زىيانلىق بولغان كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان ئەر-خو-
تۇنلار كېسەلنى ساقايمىشتىن بۇرۇن پەرزەنت كۆرۈشكە بول-
مايدۇ.

12-ماددا ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللىك ياكى
تۇغماسلىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان (توي قىلىپ بەش يىلغىچە
ھامىلدار بولمىغان ھەمدە دوختۇرلار تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىغان)
ئەر-خوتۇنلار ناھىيە (شەھەر) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پە-

لايىلىق تۇغۇت ئارىلىقىنىڭ تەستىقلىمىشى ئارقىلىق بىردىن ئىككىنچىگە بالا يېتىلدۈرسە بولىدۇ. تۇغماسلىق كېسەللىكى سا-قايغاندىن كېيىن بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ.

13-ماددا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار بىلەن نىكاھلانغان خەنزۇلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

14-ماددا ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشكە بو-لىدىغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ۋاقتى ئارى-لىقى ئۈچ يىلدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك.

## ئۈچىنچى باب. مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

15-ماددا كېچىكىپ توي قىلغانلارنىڭ تۇنجى تويى ئۈچۈن بېرىلىدىغان رۇخسەت ۋاقتى قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشىنىڭ كەينىگە سۈرۈلۈش ئەھۋالىغا قاراپ، يىلىغا ئۈچ كۈندىن ئۇزارتىپ بېرىلىدۇ. ئۇزارتىپ بېرىلىدى-غان ۋاقىت ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 كۈندىن ئېشىپ كەت-مەسلىكى لازىم.

16-ماددا كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇنجى تۇغۇتتا 90 كۈنلۈك رۇخسەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا بولىدۇ. (قانۇندا بەلگىلەنگەن 56 كۈن-لۈك تۇغۇت رۇخسىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە). ئەگەر تۇنجى تۇغۇت بولمىسا، بۇ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولمايدۇ.

پىلان بويىچە ئىككىنچى پەرزەنت كۆرگەن ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە 70 كۈنلۈك تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ. (قائىدىدا بەلگىلەنگەن 56 كۈنلۈك تۇغۇت رۇخسىتىمۇ بېرىلىش ئىچىدە). لېكىن ئىككى پەرزەنت كۆرگەنلەر بۇ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولمايدۇ.

17-مادىدا پۈتۈن ئۆمرىدە ئىككىلا پەرزەنتلىك بولۇشنى ئىختىيار قىلغان ئەر-خوتۇنلارغا ئىككىنچى بالىسى تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتلىرى «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بېرىدۇ. ئۇلار شۇ گۇۋاھنامە بىلەن تۆۋەندىكىدەك تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1. گۇۋاھنامە ئالغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئۇلارغا ئۇدا ئون يىلغىچە، يەنى ئىككىنچى بالىسى 10 ياشقا توشقىچە، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىلىدۇ.

(1) بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىش چارىسى مۇنداق بولىدۇ: خىزمەتچى ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىككىلىسىگە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن ھەر يىلى 30 يۈەندىن پۇل بېرىدۇ. ئەر-خوتۇندىن بىرسىلا خىزمەتچى بولسا، خىزمەت قىلىۋاتقان ئىدارىسى ھەر يىلى 60 يۈەندىن پۇل بېرىدۇ. مۇقىم كىرىمى بولمىغان شەھەر-بازار ئاھالىسى ۋە

دېھقان، چارۋىچىلار بولسا، بىر جۈپ ئەر-خوتۇنغا شۇجايىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تارماقلىرى يىلىغا 30 يۈەندىن پۇل بېرىدۇ.

(2) بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش چارىسى مۇنداق بولىدۇ: مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز خىراجىتىدىن چىقىم قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق چىقىمى تۈرىگە كىرگۈزىدۇ. كارخانا ئورۇنلىرى پاراۋانلىق فوندىدىن ياكى باجدىن كېيىن پىرسەنت قالدۇرۇپ قالغان مەبلەغدىن ھەل قىلىدۇ.

(3) ئەر-خوتۇن ئىككەيلەن يەككە سودا-سانائەتچى بولسا، ئۇلارغا سودا-سانائەت باشقۇرۇش پۈلىدىن ئېيىغا ئۈچ يۈەندىن بەش يۈەنگىچە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىلىدۇ.

2. خىزمەتچى ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئون ياشتىن تۆۋەن بالىسى كېسەل بولۇپ قېلىپ قاراشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە دوختۇرخانىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن، ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، بالىغا قاراش رۇخسىتى بېرىشكە بولىدۇ. بالىغا قاراش رۇخسىتى يىل بويى 45 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن، يېرىم يىلغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىش ھەققى 90% بويىچە بېرىلىدۇ. يېرىم يىلدىن ئې-

شىپ كەتكەنلەرگە كېسەللىك سەۋەبىدىن رۇخسەت سورىغان-
لار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

3. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن پېنسىيىگە چىققاندا، ھەربى-
رىگە بەش پىرسەنتتىن پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ.
پېنسىيە پۇلىنى 100% بويىچە تولۇق ئالىدىغانلارغا قو-
شۇپ بېرىلمەيدۇ.

4. پەرزەنتلىرىنى يەسلىگە ئېلىش، داۋالاش جەھەتتە
ۋە خىزمەتكە، ئوقۇغۇچىلىققا، ئىشچىلىققا، ھەربىيلىككە قو-
بۇل قىلىش جەھەتتە ئوخشاش شەرت ئاستىدا، ئاۋۋال ئې-
تىبار بېرىلىدۇ.

**18-ماددا** بېقىۋالغان بالىسى ئىككىدىن ئېشىپ كەت-
مىگەن ئەر-خوتۇنلار 17-ماددىنىڭ 2-، 3-، 4- تارماقلىرىدا
بەلگىلەنگەن تەمىناتتىنلا بەھرىمەن بولىدۇ. ئەگەر بېقى-
ۋالغان بالىسى 45 كۈنلۈكتىن ئاشمىغان بالا بولسا، بالا
بېقىۋالغان ئەر-خوتۇننىڭ بىرىگە 30 كۈنلۈك بالىغا قا-
راش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. تولۇق ئىشقا چىققان ھېسابلى-
نىپ، ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىدۇ.

**19-ماددا** ئۆمۈر بويى پەرزەنت كۆرمىگەن ئەر-ئا-
يال ئىشچى-خىزمەتچىلەر (جۇملىدىن تەنھالار) پېنسىيىگە
چىققاندا، ئۇلارغا 10% پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ.
پېنسىيە پۇلىنى 100% بويىچە ئېلىۋاتقانلارغا بېرىلمەيدۇ.

**20-ماددا** خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

**21-ماددا** پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويماي، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن ئەر-خوتۇنلاردىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك پۇلى ئېلىنىدۇ.

1. كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىر ئارتۇق پەرزەنت كۆرسە، ئەر-خوتۇن تۇرۇشلۇق ئورۇن ھەر ئايدا ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن مائاشىنىڭ ئون پىرسەنتى بويىچە ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك پۇلى ئالىدۇ. بۇ پۇل پىلاندىن ئارتۇق كۆرگەن پەرزەنتى ھاياتلا بولسا، تۇغۇلغان ئايدىن ئېتىبارەن ئۇدا يەتتە يىلغىچە ئېلىنىدۇ. پىلاندىن يەنە ئارتۇق پەرزەنت كۆرسە، ھەربىر ئارتۇق كۆرگەن پەرزەنتى ئۈچۈن مائاشىدىن 5% ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك پۇلى قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

2. شەھەر، بازارلاردىكى يەككە سودا-سانائەتچىلەر پىلاندىن ئارتۇق بىر پەرزەنت كۆرسە، ئۇلار تۇرۇشلۇق شەھەر، بازارلاردىكى خەلق ھۆكۈمەتلىرى (مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى) ئۇلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10%تى بويىچە ئۇدا يەتتە يىل ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك

پۇلى ئالىدۇ. بىر قېتىمدا ھېساپلاپ، بۆلۈپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. پىلاندىن يەنە ئارتۇق بىر پەرزەنت كۆرسە، ھەر بىر ئارتۇق كۆرگەن پەرزەنتى ئۈچۈن يىللىق تۇرمۇش كىرىمىنىڭ 5% تى بويىچە ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك پۇلى كۆپەيتىپ ئېلىنىدۇ. تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچىلاردىن ئالاقىدار تارماقلار مەجبۇرىي ئالىدۇ.

3. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگۈچىلەردىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلىك پۇلى ئېلىش كېرەك. ئېلىنىدىغان پۇلنىڭ سانى ۋە ئېلىش چەكلىمىسى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەلگىلەپ، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ.

4. ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇلنى پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ پۇلنىڭ 20 پىرسەنتىنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتلىرى بىر تۇتاش ئىگىلەپ ئىشلىتىدۇ. 80 پىرسەنتىنى شۇ يېزا، بازارلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلىدۇ.

**22-ماددا** پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەن ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇغۇت پۇلى، بالنىستا يېتىش پۇلى

تەكشۈرتۈش يولى، ئوپېراتسىيە يولى، داۋالىتىش يولى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى كۆتۈرىدۇ. ئۇلارغا تۇغۇت مەزگىلىدە مائاش بېرىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بالا ئېمىتىش ۋاقتى رۇخسەت سورىغان قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

23-ماددا «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىپ بولغان ئەر-خوتۇنلار ۋە پەرزەنتكە ھامىلدار بولۇپ قالغان بولسا، ھامىلدار بولغان چاغدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامە بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق تەمىناتى توختىتىلىدۇ. شۇ پەرزەنتنى كۆرۈشكە چىڭ تۇرۇۋالسا، «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى»نى ئېلىپ بولغان بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش يولى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

24-ماددا ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن ئەر-خوتۇنلارنى ئىككى يىل ئىچىدە ئىلغار قىلىپ باھالاشقا بولمايدۇ. ئۇلارغا مۇكاپات تىلاش يولى بېرىلمەيدۇ. (كەسپىيات مۇكاپاتى، تېجەش مۇكاپاتى قاتارلىقلار بۇنىڭ سىرتىدا) مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش مۇكاپاتى 20% كېمەيتىپ بېرىلىدۇ. پەرزەنتى كۆپ بولۇش تۈپەيلىدىن تۇرمۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا، پاراۋانلىق قوشۇمچە ياردىمى ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش بېرىلمەيدۇ.

25-ماددا توي قىلماي تۇرۇپ ھامىلدار بولغانلار ۋە بەلگىلەنگەن پەرزەنت كۆرۈش مۇددىتى توشماي تۇرۇپ

پەرزەنت كۆرگەنلەرگە تەنقىد-تەربىيە بېرىش ۋە ئىقتىسا-دىي جەھەتتىن مەلۇم چارە كۆرۈش كېرەك. ئۇنىڭ كون-كرېت چارىسىنى ناھىيە (شەھەر)لىك پىلانلىق تۇغۇت خىز-مىتى كومىتېتلىرى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن تەڭدەرى-جىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويىدۇ.

26-ماددا قوش كېزەك تۇغقان ياكى كۆپ كېزەك تۇغقان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت سانى بەلگىلىمىدىن ئېش-ىپ كەتسە، ئۇلارغا چارە كۆرۈلمەيدۇ؛ ئەمما بىرىنچى يا-كى ئىككىنچى تۇغۇتتا تۇغقان بالا سانى بەلگىلىمىدىكىگە يەتكەن بولسا، يەنە پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ.

27-ماددا پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە بويسۇنمىغان ۋە بېرىلگەن تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان، پوزىتسىيىسى قەبىھ بولغان، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلى-رىنى تىللىغان، ھاقارەتلىگەن ۋە ئۇرغانلارغا قىلمىشىغا قاراپ مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى ۋە باشقا جازا بېرىلىدۇ.

28-ماددا ئەدلىيە ئورگانلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىز-مىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جىنايى ئىشلار، قانۇنغا خى-لاپلىق قىلغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى قانۇن بو-يىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

29-ماددا پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر فاڭجېن، سىياسەت،

ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلماي پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. كادىرلار ۋە ئالاقىدار خادىملاردىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يۈز خاتىرە قىلىپ ۋە كۆز بويامچىلىق قىلىپ، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ يامان تەسىر پەيدا قىلغانلار جەددىي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## تۆتىنچى باب. ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇغۇتتا چەك قويۇش تەدبىرلىرى

**30-ماددا** تۇغۇتتا ھەر تەرەپلىمە چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىلىرى ۋە سايمانلىرىنى پىلان بويىچە ھەقسىز تەمىنلەپ، تۇغۇتتا چەك قويۇش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش كېرەك.

**31-ماددا** شەھەر-بازارلاردىكى ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدىغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدىغان شۇنىڭدەك بەلگىلەنگەن پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىق مۇددىتى توشمىغان ئەر-خوتۇنلار ئاڭلىق ھالدا ئىشەنچلىك بولغان تۇغۇتتا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. ئەر-خوتۇنۇن ئىككەيلەن تۇغۇتتا چەك قويۇش ئۇسۇلىنى ئىختىيار قىلىپ

پەرزەنت كۆرگەنلەرگە تەنقىد-تەربىيە بېرىش ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەلۇم چارە كۆرۈش كېرەك. ئۇنىڭ كونكرېت چارىسىنى ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتلىرى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ يولغا قويىدۇ.

26-ماددا قوش كېزەك تۇغقان ياكى كۆپ كېزەك تۇغقان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت سانى بەلگىلىمىدىن ئې- شىپ كەتسە، ئۇلارغا چارە كۆرۈلمەيدۇ؛ ئەمما بىرىنچى ياكى ئىككىنچى تۇغۇتىدا تۇغقان بالا سانى بەلگىلىمىدىكىگە يەتكەن بولسا، يەنە پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ.

27-ماددا پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدىكى بەلگىلىمىگە بويسۇنمىغان ۋە بېرىلگەن تەربىيىنى قوبۇل قىلمىغان، پوزىتسىيىسى قەبىھ بولغان، پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلىرىنى تىللىغان، ھاقارەتلىگەن ۋە ئۇرغانلارغا تىلمىشـقا قاراپ مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى ۋە باشقا جازا بېرىلىدۇ.

28-ماددا ئەدلىيە ئورگانلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جىنايى ئىشلار قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرىدۇ.

29-ماددا پىلانلىق تۇغۇتقا دائىر قائىدە-سىياسەت،

ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلماي پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. كادىرلار ۋە ئالاقىدار خادىملاردىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يۈز خاتىرە قىلىپ ۋە كۆز بوياپچىلىق قىلىپ، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ يامان تەسىر پەيدا قىلغانلار جىددىي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## تۆتىنچى باب. ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرى

30-ماددا تۇغۇتقا ھەر تەرەپلىمە چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، ھامىلدار بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىلىرى ۋە سايمانلىرىنى پىلان بويىچە ھەقسىز تەمىنلەپ، تۇغۇتقا چەك قويۇش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش كېرەك.

31-ماددا شەھەر-بازارلاردىكى ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدىغان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدىغان شۇنىڭدەك بەلگىلەنگەن پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىق مۇددىتى توشمىغان ئەر-خوتۇنلار ئاڭلىق ھالدا ئىشەنچلىك بولغان تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك. ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن تۇغۇتقا چەك قويۇش ئۇسۇلىنى ئىختىيار قىلىپ

تاللىۋالسا بولىدۇ.

32-ماددا تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتسىيەسى قىل-
دۇرغانلارغا بەلگىلىمە بويىچە دەم ئېلىش ۋاقتى بېرىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى بېرىلەۋېرىدۇ. ئۇلارغا ئىشقا چىققانلار
قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بوغدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيەسى
قىلدۇرغانلارغا شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇن
ئەھۋالغا قاراپ، قىسمەن ئوزۇقلىنىش
خىراجىتى ياكى قوشۇۋەتلەندۈرىدىغان يېمەكلىك بېرىشى كېرەك.
ئۇنىڭ جورىسىغا يەنە كۆڭۈلچە كۈتۈش رۇخسىتى بېرىشكە،
شۇ مەزگىلدىكى ئىش ھەققىنى بېرىۋېتىشكە، ئىشقا چىققان-
لار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ. شەھەر-بازارلاردىكى
مۇقىم كىرىمى بولمىغانلارغا ۋە دېھقان-چارۋىچىلارغا بېرى-
لىدىغان ئوزۇقلۇق خىراجىتىنى شۇ جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت
ئارماقلىرى ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنغان پۇل-
دىن چىقىم قىلىدۇ.

33-ماددا ھەر خىل تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېرات-
سىيەسى خىراجىتى دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمى بويىچە ئاي-
رىم-ئايرىم ھالدا دۆلەت پۇلى ھېسابىدا داۋالىنىش خى-
راجىتى، ئەمگەك سۇغۇرتىسى ھېسابىدا داۋالىنىش خىراجىتى
ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

34-ماددا ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پىلانلىق

تۇغۇت تېخنىكىسىنى باھالاش گۇرۇپپىسى تۇغۇتقا چەك قويـ
ۇش ئوپېراتسىيىسى تۈپەيلىدىن كېسەللىككە ۋە ساقايماس كېسەلـ
گە گىرىپتار بولغان دەپ بېكىتىلگەنلەرنى داۋالاش-ساقـ
لىقنى ساقلاش تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ داۋالايدۇ.
ئۇلارغا كېتىدىغان خىراجەت ۋە ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە
چىقىم قىلىنىدۇ. داۋالانغاندىن كېيىن ئېغىر جىسمانىي
ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالمايدىغانلارنى شۇ كىشى تۇرۇشلۇق
ئورۇن ئېتىبار بېرىپ باشقا مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشـ
لاشتۇرۇش كېرەك. تۇرمۇشىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولـ
غانلارغا شۇكىشى تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋە خەلق ئىشلىرى تارـ
ماقلىرى ئەھۋالغا قاراپ قوشۇمچە ياردەم ۋە ئىجتىمائىي
قۇتقۇزۇش بېرىشى كېرەك. تۇغۇتقا چەك قويۇش ئوپېراتـ
يىسى قىلىش تۈپەيلىدىن مېيىپ بولۇپ قېلىپ، ئەمگەك
ئىقتىدارىدىن قالغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى گوۋۇيۈەن
ئېلان قىلغان «داۋالاشتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ
قىلىش چارىسى» بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

## بەشىنچى باب. قوشۇمچە پرىنسىپ

35-ماددا بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىـ
نى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىللەيدۇ. ناھىيە
(شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەمەـ
لىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ بەلگىلىمىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش

ۋە يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن يولغا قويىدۇ ھەمدە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

36-ماددا بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

37-ماددا بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمە 1988-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھۆججىتى

ش پ ت ك (1988) 30-نومۇرلۇق

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتلىرى (ئورنى)نىڭ خىزمەت نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى، پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتلىرى (ئورۇنلىرى)غا:

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش، رايونىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتلىرى (ئورۇنلىرى)نىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەشۋىقات، تېخنىكا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرى (ئورۇنلىرى)نىڭ خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايو-

نىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىك يېتەكچىلىك يۇنىكىتلىرى (ئورۇنلىرى) خىزمەت نىزامىنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) تۈزۈپ تارقاتتۇق. جايلاردا بۇ خىزمەت نىزامىنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىشىنى، ئىجرا قىلىش جەريانىدا نىزامنامە بىلەن ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، ۋاقتىدا كومىتېتىمىزغا مەلۇم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى.

1988-يىل 5-ئاي

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىك يېتەكچىلىك يۇنىكىتلىرى (ئورۇنلىرى)نىڭ خىزمەت نىزامى (ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدۇ)

1988-يىل 4-ئاي

### بىرىنچى باب. ئومۇمىي پرىنسىپ

1-ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش — دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتىدۇر. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش، رايونىمىزدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات، تېخنىك يې-

نەكچىلىك پونكىتلىرى (تۆۋەندە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىنى ئورنىدەپ قىسقارتىپ ئېلىندى) ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇ ساناق نەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان خىزمەت نىزامىسى تۈزۈپ چىقتۇق.

**2-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت(ئورۇن) لىرى تەئىدەر دە-ھەلىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى كەسپىي ئورۇن بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.

**3-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت(ئورۇن) لىرى پارتىيەنىڭ پىلانلىق تۇغۇت فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە، قانۇنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى لازىم.

## ئىككىنچى باب. ۋەزىپە، ئورگان ۋە خادىملار

**4-ماددا:** يېتەكچىلىك پونكىت(ئورۇن) لىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى:

1) پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى تەربىيىسىنى ئېلىپ بارىدۇ.

2) تۇغۇت چەكلەش تېخنىكىلىق مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ ۋە سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

3) ھامىلدارلىقتىن ساقلاش دورا-سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ۋە تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

4) ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچى خا-
دىملىرىنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولىدۇ.

**5-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىدا تەشۋىقات-
تەربىيە، تۇغۇت چەكلەشكە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش،
دورا-سايمانلارنى باشقۇرۇش گورۇپپىلىرى ۋە باشقا قوشۇمچە
تارماقلار قۇرۇلىدۇ.

**6-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىنىڭ شتاتى
ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋە ئاپتونوم را-
يونلۇق شتات كومىتېتى (1986) 17-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە بەل-
گىلەنگەن سان ۋە خادىملار تۈزۈمىگە ئاساسەن سەپلىنىشى لازىم.
پونكىتنىڭ باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشلىقىغا بىر ئادەم قويۇلىدۇ.

**7-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىنىڭ خىز-
مەتكە ئىدىيەدە ئىلغار، خىزمەت مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك،
كەسىپ بىلىدىغان، تېخنىكىسى ياخشى، ياش، قاۋۇل خادىم-
لارنى مەسئۇل قىلىش لازىم. خادىملارنى يېتەكچىلىك پونكىت
(ئورۇن) لىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم ئىشلىتىش تەلىپىگە ئا-
ساسەن تەشكىلات تارماقلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ ياكى تەڭ
دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى تەكلىپ قىلىپ
ئىشلىتىدۇ.

**8-ماددا** يېتەكچىلىك قىلىش پونكىت (ئورۇن) لىرىنىڭ
خىزمىتىگە مەلۇم كەسپىي بىلىمگە ئىگە، خېلى ياخشى باشقۇرۇش

ئىقتىدارى ۋە جاپا-مۇشەققەتكە چىداش روھىغا ئىگە خادىملار مەسئۇل بولۇشى لازىم. يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىدا پونكىت (ئورۇن) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ پونكىت (ئورۇن) باشلىقى ئۆز ئىدارىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىش، مالىيە باشقۇرۇش، ماددىي ئەشيالارنى تەقسىم قىلىشتا قارارچىقىرىش ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب. تەشۋىقىي تەربىيە

**9-ماددا** تەشۋىقىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى: پىلانلىق تۇغۇت فاڭجېن-سىياسەتلىرى، مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزاملار، ئائىلە تەربىيىسى ۋە پىلانلىق تۇغۇت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**10-ماددا** دائىملىق تەشۋىقىي تەربىيىنى ئاساس قىلىش، زۆرۈر تېپىلغاندا مەركەزلەشتۈرۈپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش كېرەك. تەشۋىقىي تەربىيىدە رادىئو، تېلېۋىزور، كىنو، فوتوسۈرەت، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**11-ماددا** يېتەكچىلىك پونكىت (ئورۇن) لىرىغا كېرەكلىك بولغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە ماددىي بۇيۇملارنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت، ئاساسلىقى شۇ پونكىت (ئورۇن) لارنىڭ ئۆزى يىغىپ رەتلەيدۇ

ۋە ئىشلەيدۇ. ئۇ دۆلەت بەلگىلىگەن بىر گە، يېزا بازار، كەنتلەردە، ئەشۇ يەرلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قوغداپ، ئەشۇ يەرلەرنىڭ بۇيۇملىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئالماش بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

## ئۈچىنچى باب. تۇغۇت چەكلەشتە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلىش

12-ماددا تۇغۇت چەكلەشكە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۇغۇت چەكلەش مۇلازىمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى:

1. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، تۇغۇت چەكلەشكە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمىتى ۋە سۈپەتلىك تۇغۇشقا مەسلىھەت بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

2. ئاساسىي قاتلامنى ئاساس قىلىپ، تۇغۇت چەكلەشتە تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىشتا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

3. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش، تۇغۇتنى چەكلەش، سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەشتىكى يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى كېڭەيتىش.

4. سەھىيە تارماقلىرى بەلگىلىگەن بىرلىكتە كېسەل، مېيىپ بالىلارغا دىئاگنوز قويۇش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئوپېراتسىيىسىدىن ئەگەشمە كېسەللىكلىرى، ئېكسپېرتلارنىڭ ئاساسلىق تەكشۈر-

دىئاگنوز قويۇش ۋە داۋالاشنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

ۋە يېزىلاردىكى تۇغۇت ... خادىملىرىنى تېخنىكىلىق تەربىيىلەش ئىشلىرىنى ئىشلەپ بارىدۇ.

13-ماددا ھەرقانداق توغۇتقاچەك قويۇش ئوپېراتسىيىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىلىملىك كەسپىي خادىملارنىڭ ھەممىسى تېخنىكا ئۆگىنىۋالغاندىن ئاساسەن ئوپېراتسىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى لازىم. توغۇتقاچەك قويۇش ئوپېراتسىيىسىدە ۋە توغۇتقاچەك قويۇش ئوپېراتسىيە قائىدىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش، ئوپېراتسىيىدە زور ۋەقە كۆرۈلسە، ۋاقتىدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا مەلۇم قىلىش لازىم.

14-ماددا توغۇتقاچەك قويۇش مۇلازىمىتىدە، ئامبۇلاتورىيىدە مەسلىھەت بېرىش، ئوپېراتسىيە قىلىش، ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى، كېسەللىك ئاسارەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە كېسەلنىڭ نىسبىي بالىلارغا دىئاگنوز ئارخىپى تۇرغۇزۇش، شۇنىڭدەك باشقا جايغا يۆتكەپ دىئاگنوزنى ئېنىقلاش، باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ دىئاگنوز قويۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە خاتىرە قالدۇرۇش، ئوپېراتسىيىدىكى خاتالىق ۋە قەلەردىن خاتىرە قالدۇرۇپ دوكلات قىلىش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

15-ماددا تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك يولىكست (قوشۇلۇن)

لىرى چەۋم مىقدارىدا كېمەيتىلمەك كارۋىتى قۇرۇپ، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تۇغۇتقا چەك قويۇش تەشۋىقاتىنى بىلەن شۇغۇللىنىش لازىم.

**16-ماددا** كېلىنكىدا تۇغۇتقا چەك قويۇشنىڭ يېڭى دورىلىرىنى ئىشلىتىشكە، يېڭى تېخنىكىنى، يېڭى سايمانلارنى قوللىنىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۆلكە، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم.

**17-ماددا** تۇغۇتقا چەك قويۇش تېخنىكىسى جەھەتتە ئىجادىيەت ياراتقان، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، پەن-تېخنىكىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلغان ياكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغۇچىلار تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ ۋە شۇ كىشىنىڭ ئارخىپىغا كىرگۈزۈلىدۇ.

## بەشىنچى باب. دورا-سايمانلارنى باشقۇرۇش

**18-ماددا** دورا-سايمانلار بىلەن تەمىنلەش، تارقىتىشنى ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ئېھتىياجنى قاندۇرۇپ، تۇغۇت چەكلەش ئۈنۈمىنى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم.

**19-ماددا** تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك پونكىت (ئۆزنى)دا

دورا-سايمانلار ئىسكىلاتى قۇرۇش، يېزا-بازار، كەنتلەردە دورا-سايمانلارنىڭ مەخسۇس جاۋىنى تەسىس قىلىش كېرەك.

دورا-سايمانلار ئىسكىلاتىدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر-يېزىلاردىكى تەشۋىقات-تەربىيە يېتەكچىلىك ئورۇنلىرىدا ئادەتتە سەككىز ئاي ئىشلەتكىدەك بولۇش، ناھىيە (شەھەر)-لەردە ئادەتتە بەش ئاي ئىشلەتكىدەك بولۇش، كەنت، بازار، يېزىلاردا ئۈچ ئاي ئىشلەتكىدەك ئوبوروت سانى بولۇش كېرەك.

**20-ماددا** ھامىلدارلىقتىن ساقلاش دورا-سايمانلارنى توپلاش، باشقۇرۇش، تارقىتىش، تېخنىكىلىق يېتەكچىلىك قىلىش، ئۈنۈمىنى كۆزىتىش قاتارلىقلارنى ياخشى ئىشلەپ، تارقىتىش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئېتىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلارنى سېتىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**21-ماددا** دورا-سايمانلار ئىسكىلاتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈش، ئىسكىلات-تىن چىقىرىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، مال بىلەن ھېسابات ئوخ-شاش بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، دورا-سايمانلارنىڭ ئې-رىپ، سۈپىتى ئۆزگىرىپ، ئۈنۈمىنى يوقىتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. مۇددىتى بويىچە ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ دورا-

سايمانلارنى باشقۇرۇش، ئاز قېتىمش، قېشلىتىمش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ، ياماللاپ، ھېسابلاشتۇرۇپ تۇرۇشى لازىم.

## ئالتىنچى باب. مالىيەنى باشقۇرۇش

22-ماددا يېتەكچىلىك پونكىت (ئۆرۈن) لىرىنىڭ مالىيەسىنى جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ تۈزۈمى ۋە مالىيە تۈزۈمى. جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، تېرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشچىلىك ھېسابات قىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە باشقۇرۇش لازىم.

23-ماددا يېتەكچىلىك پونكىت (ئۆرۈن) لىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدۇ، مالىيەدە پەرقلىق خامچوت بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، مەخسۇس ياكى قوشۇمچە مالىيەچىلىك خادىمى قويۇلىدۇ.

24-ماددا يېتەكچىلىك پونكىت (ئۆرۈن) لىرىدا ئۆلچىمى ئالاھىدە مەخسۇس تۈرلەر راسخوتى (مەسىلەن: چوڭ تىپلىق رېمونت قىلىش، چوڭ تىپلىق ئۈسكۈنە ئەسلىھەلىرى) نى ئەڭ دەرىجىلىك بېلەنلىك تەنغوت كومىتېتلىرى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن تۈزىدىغان ئەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىدۇ. مەخسۇس تۈرلەر راسخوتى چوقۇم مەخسۇس تۈرگە ئىشلىتىلىشى لازىم.

بۇنداق ئەنسىرەشكە ئورۇن قالمىسا بولىدۇ. ئەمگەك مۇھاپە-
زەت، بويىچە ماشى، بالا ئەمگىكىنى ئاسراش قوشۇمچە پۇلى، تو-
لۇش قىلمىسا، يۆتكەش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇناسىۋەت-
لىك ئاپپاراتلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئاساسەن بېجىرىلسە بولىدۇ.

25-ماددا تېخنىكا يېتەكچىلىك پىرىنسىپى (تورۇن) ئە-
رى ئۆز ئىش ئىمكانى مال-مۈلكىگە بولغان باشقۇرۇشنى مەقسەت
كۆزلەيدىغان، سېتىۋالغان، يۆتكەپ بېرىلگەن، ئۆزى ياسىغان،
ئۆزى قۇرغان مال-مۈلۈككە ۋاقتىدا باھا تۇرغۇزۇپ، ھېسابات-
قا تۇرغۇزۇش لازىم. باشقا ئورۇنلارغا يۆتكەپ بېرىلگەن، كې-
رەكسىز بولغان، باھاسى ئۆزگەرگەن مۈلۈكلەرنى ئۆز ۋاق-
تىدا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش
لازىم. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزلىرىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا
يول قويۇلمايدۇ. مال-مۈلۈكنى قەرەللىك ھالدا تەك-
شۈرۈپ، ئۇدۇللاشتۇرۇپ تۇرۇش لازىم. كەم چىققان، ئارتۇق
چىققان، بۇزۇلغان، يوقالغان مۈلۈكلەرنىڭ كەم بولۇش،
ئارتۇق چىقىش قىلىش، بۇزۇلۇش سەۋەبلىرىنى ئېنىق يېزىپ،
رەھبەرلىكنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ھېسابات-
تىن چىقىرىۋېتىش لازىم.

26-ماددا بۇ نىزامنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايون-
لۇق پىلانلىق ئىقتىساد كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

1984-يىل 6-ئاي

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھۆججىتى

ش پ ت ك (1988) 82-نومۇرلۇق

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرى

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، ھەرقايسى شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەت مەمۇرىي مەھكىمىلىرى، ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر)لەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىغا:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» (تۆۋەندە «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى) ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جايلاردىكى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بەزى كونكرېت مەسىلىلەرگە دۇچ كې-

لەپ، ئەمزاھات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇناسىۋەتلىك مە-
سىلىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكىچە پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قوي-
دۇق. ئىجرا قىلىشتا پايدىلىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. تۇغۇت دەم ئېلىش مەسىلىسى. قانچىنى تۇققانلىقى،
قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى 1988-يىلى
7-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن-
نىڭ 9-نومۇرلۇق بۇيرۇقى، «ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر-
نىڭ ئەمگەك مۇداپىئەسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نىڭ
8-ماددىسىدىكى «ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغۇت
دەم ئېلىشى 90 كۈن بولىدۇ، تۇغۇتتىن ئىلگىرى 15 كۈن دەم
ئالىدۇ. قىيىن تۇغۇت بولسا، 15 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ. كۆپ كې-
زەكلىك تۇققان بولسا، ھەر بىر بوۋاققا 15 كۈن قوشۇپ بېرى-
لىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنسا بولىدۇ.

توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئەگەر كېچىكىپ
پەرزەنت كۆرسە، (ئازسانلىق مىللەتلەر 12 ياش، توققۇز ئايدىن
يۇقىرى، خەنزۇلار 23 ياش، توققۇز ئايدىن يۇقىرى) بىرىن-
چى بالىنى تۇغقاندا 15 كۈن تۇغۇت دەم ئېلىشى قوشۇپ بېرى-
لىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەردىن بولغان تۇغۇت يېشىدىكى
ئاياللار ئارىلىقنى ئۈچ يىل ئۆتكۈزۈپ (ئۈچ يىلمۇ شۇنىڭ
ئىچىدە) ئىككىنچى پەرزەنتىنى تۇققاندا تۇغۇت دەم ئې-
لىش مەزگىلىدە «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى»

ئالغان بولسا، يەنە 5 كۈن قوشۇپ بېرىلمىدۇ.

پىلاندىن ئارتۇق ھامىلدار بولۇپ تۇغقان بولسا مۇۋاپىقلىق بەلگىلىمىنىڭ 22-ماددىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنسا بولىدۇ.

2. بىر يىل دەم ئېلىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇۋاپىقلىق بەلگىلىمىدە بۇ مەسىلە ھەققىدە بەلگىلىمە يوق. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1981) 32-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغانلاردىن ئەر-خوتۇن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئىدارىسىدا ئىشلى-مەسلىكنى تەلەپ قىلسا، ئىدارە رەھبەرلىكى خىزمەت ئەھۋا-لىغا ئاساسەن تەستىقلىسا، دەم ئېلىشقا بولىدۇ دەپ بەلگە-لىگەن. ئەمەلىيەتتە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىدارىلەردە بىر يىللىق ئۇزۇن دەم ئېلىش مەسىلىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولدى. ئىسلاھاتنىڭ كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆپ ئىدارىلەردە ئادەمگە قاراپ ئورۇن بەلگىلەش، باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش قاتارلىقلار يولغا قويۇلغانلىقتىن، بىر يىللىق دەم ئېلىش مەسىلىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش تېخىمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا، بۇن-دىن كېيىن مەيلى خەنزۇلار ياكى ئازسانلىق مىللەتلەر بولسۇن، تۇغۇتتىن كېيىن بىر يىل دەم ئېلىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئەر ۋە ئايالنىڭ ئىدارىلىرى ئۆزىنىڭ تەلىپىگە

ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتلەردىن ئايرىلالايدىغان بولسا، بېرىلگەن دەم ئېلىشنى تەستىقلاپ بەرسە بولىدۇ. ئەر تەرەپنىڭ ئىدارىسى ئايالىنىڭ بەش ئايلىق ھامىلدارلىقىنى كۆتۈرىدۇ. ھامىلدارلىق قالغان تەسىرىنى ئايالىنىڭ ئىدارىسى كۆتۈرىدۇ. ئەر ۋە ئايال ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىدارىلىرى بالىنىڭ ساقلىنىشى، ساقلاش خىراجىتىنى تارقىتىپ بېرىدۇ.

3. ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنىڭ 4-ماددىسىدىكى «ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدىغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن كەم بولماسلىقى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىدىكى «ئىككىدىن ئارتۇق» دېگەن سۆز ئىككىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. بېقىۋالغان بالىلارنىڭ نوپۇسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرىنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلسە بولىدۇ. نوپۇسقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشىنى پىلانلىق تۇغۇت ئورۇنلىرى ئىشلىمەيدۇ.

5. پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىشنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى مەسىلىسى توغرىسىدا ئومۇمەن بىرىنچى بالىسى 1964-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن كېيىن تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىر پەقەت ئىككىلا بالىسى بولسا ھەمدە ئۇ كىشى ئۆمرىدە ئىككىلا پەرزەنت كۆرۈشنى خالىسا، پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئىلتىماس قىلىپ ئال-

سا بولىدۇ. ئەگەر ئىلتىماسچى بالىسى تېخى ئون ياشقا توشمىغان
بولسا، «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نىڭ 17-ماددىسىدىكى مۇنا-
سىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بالىسى ئون ياشقا كىرگۈچە
تەربىيىلى، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى تارقىتىپ
بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىلتىماسچى پەرزەنتى ئون ياشتىن ئېشىپ
كەتكەن بولسا، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى تار-
قىتىپ بېرىلمەيدۇ. لېكىن گۇۋاھنامە تارقىتىش باشقا مۇ-
ئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

گۇۋاھنامە ئالغاندىن كېيىنكى بىر قېتىملىق مۇكاپات
مەسىلىسىگە كەلسەك، نۆۋەتتە جايلارنىڭ
ئەمەلىيىتىدە قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن، ھەرقايسى
ئىدارىلەر خىراجەتنىڭ چەكلىكلىكىنى ھېس قىلماقتا. يې-
قىنقى بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان خەنزۇ ئىشچى - خىز-
مەتچىلەردىن «يالغۇز پەرزەنتلىك گۇۋاھنامىسى» ئالغان-
دىن كېيىنكى بىر قېتىملىق مۇكاپات مەسىلىسىنى نۇرغۇن
ئورۇنلار ئەمەلىيلەشتۈرەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بۇندىن كې-
يىن مەيلى خەنزۇلار ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بول-
سۇن، بىر قېتىملىق مۇكاپات تارقىتىشنى بىردەك تەشەب-
بۇس قىلمايمىز. ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەل قىلىش
ئىمكانىيىتى بار ئورۇنلار بۇ بىر قېتىملىق مۇكاپاتنى
تارقىتىپ بەرسە بولىدۇ. لېكىن مۇكاپاتنىڭ قىممىتى

خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

6. «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، يالغۇز پەرزەنتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغان ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئامما ئىككىنچى پەرزەنتنى تۇغۇشقا ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتىنى بۇرۇنقى بەھرىمەن بولغانلىرىنى ھېسابلاپ ئون يىل توشقىچە بېرىلىدۇ. لېكىن شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىپ 3- ياكى 4-پەرزەنت كۆرۈشنى ئىلتىماس قىلسا، بۇرۇن بەھرىمەن بولغان بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى ۋە ھەر خىل مۇكاپات خىراجەتلىرىنىڭ ھەممىنى قايتۇرسا، ئاندىن يەنە تۇغۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

7. «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ 21- ماددا بىرىنچى تارمىقىدا ئېيتىلغان «پىلاندىن ئارتۇق كۆرگەن پەرزەنتى ھاياتلا بولسا، تۇغۇلغان ئايدىن باشلاپ» دېگەندىكى «ھاياتلا بولسا» دېگەن سۆز تىرىك تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تۇغۇلغان ئېيىنى كۆرسىتىدۇ.

8. «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» 1988 يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. لېكىن مۇكاپاتلاش-جازالاش 1989-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلىنىدۇ. بۇن-

داق قىلىشتىكى سەۋەب: ئامېرىكا بۇنىڭغا نىسبەتەن تولۇق تەييارلىق ھەم ماسلىشىش ۋاقتى بېرىشتىن ئىبارەت. ۋاقىتلىق بەلگىلىمىنى يولغا قويۇشتىن ئىلگىرى بىر قىسىم ئامېرىكا (شەھەر) يېزا - بازارلار دۆلەتلىك ئاساسىي قانۇندا يەرلىك ئادەم ئىشلىتىش تەلەپكە ئاساسەن، ئامېرىكا (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى، پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ماقۇللىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يەرلىك بەلگىلىمىلىرى ياكى مەخسۇس بەلگىلىمىلىرىنى، سىياسەتنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇشۇ پاتلاشنى يەرلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بېجىرىپ، جازالاشنى توختىتىپ تۇرۇش كېرەكمۇ-يوق، بۇنى يەرلىك ئورۇنلار بۇندىن كېيىنكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان پايدا - زىيىنىنى ئۆلچەپ كۆرۈپ- ئاندىن بەلگىلىسە بولىدۇ. ئەمما مۇشۇ پاتلاش - جازالاش سومىسى «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دە بەلگىلەنگەن سومما بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

خەنزۇ دېھقان - چارۋىچىلاردىن «يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى» ئالغانلارغىمۇ 1989-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يەرلىك پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىدىن ھەر يىلى 30 يۈەندىن بالىسى ئون ياشقا كىرگىچە ياردەم قىلىسا بولىدۇ.

9. «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ 7-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن: ئومۇمەن شەھەرلەردە، ناھىيە بازارلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان بىر جۈپ ئەر-خوتۇنلاردىن يەتتە تۈرلۈك شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. گەرچە بىرلا ۋاقىتتا يەتتە تۈرلۈك شەرت ئىچىدىكى ئىككى ياكى ئۈچ شەرتكە ئۇيغۇن كەلسىمۇ، يەنىلا ئۈچلا پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ، تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى خىلدىكى ناھىيە، بازارلاردا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئەر-خوتۇننىڭ بىرسى يالغۇز پەرزەنت بولۇپ، قۇدۇق ئاستىدا ئىشلىگىنىگە ئۈچ يىل بولغان بولۇپ، ھازىرمۇ قۇدۇق ئاستىدا ئىشلەۋاتقان بولسا، بۇنداق ئەر-خوتۇنلار يەتتە تۈرلۈك شەرت ئىچىدىكى ئۈچ تۈرلۈك شەرتكە توشىدۇ. بىراق يەنىلا ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ، تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ. بەش پەرزەنت كۆرۈشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ 8-ماددىسى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلاردىكى ئەر-خوتۇنلارنىڭ تۆت پەرزەنت كۆرۈش شەرتى بولۇپ، 3-، 4-خىل رايونلاردىكى دېھقان-چارۋى-

چىلارغىمۇ مۇشۇ ماددىدىكى ئۈچ شەرت بويىچە ئىجرا قىلىشقا بولىدۇ دېگەنلىك. ئومۇمىيۈزلۈك تۆت پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۈچ شەرتنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنىڭ بەش پەرزەنتلىك بولۇشىغا تېخىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

قىسقىسى، جايلار «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نىڭ 7-، 8-، 10-ماددىلىرىدا بەلگىلەنگەن تۇغۇت سىياسىتىنى كېڭەيتىپ ئىجرا قىلماسلىق كېرەك.

10. تۇي قىلمىغان (چوقۇم پەرزەنتلىك بولمىغان بولۇشى لازىم) چوڭ ياشلىق ئەرلەر (خەنزۇلار 32 ياش، ئاز سانلىق مىللەتلەر 30 ياش)، چوڭ ياشلىق قىزلار (خەنزۇلار 30 ياش، ئاز سانلىق مىللەتلەر 28 ياش) جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىلەن تۇي قىلسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت سانى بەلگىلىمىدىكى پەرزەنت سانىدىن بىرى ئارتۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىش لازىم. مەسىلەن: ناھىيە بازىرىدا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان، تۇي قىلمىغان چوڭ ياشلىق قىز (28 ياشتىن يۇقىرى) ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان، جورىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر بىلەن تۇي قىلسا، يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ؛ يېزا-، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تۇي قىلمىغان چوڭ ياشلىق (30 ياشتىن يۇقىرى) ئەر تۇي قىلىپ، ئۈچ پەرزەنتلىك بولغان، جورىسى ئۆلۈپ

كەتكەن ئايال بىلەن توي قىلسا، يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. يېزىدىكى توي قىلمىغان چوڭ ياشلىق خەنزۇ قىز ئۆز دۆيىدىكى ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ، جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر بىلەن توي قىلسا، يەنە بىر پەرزەنتلىك بولۇشقا بولىدۇ.

11. 1982-يىلدىكى مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكەت بويىچە نوپۇسى 50 مىڭدىن تۆۋەن بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر تاجىك، ئۆزبېك، رۇس، تاتار، ئېلۇنچۈن، ماۋنەن، ئاچاڭزۇ، پۇمىزۇ، ئېۋېنكى، باۋئەن، يۈيگۇ، جىڭزۇ، دۇلۇڭ، خېجې، مېنبا، گېبا، جىنو، بېڭلۇڭ، گاۋشەندىن ئىبارەت 19 مىللەت بار.

12. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى. ئۈچىنچى تۈردىكى رايونغا كىرىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەر: خوتەن ناھىيىسى، خوتەن شەھىرى، گۇما ناھىيىسى، قاراقاش ناھىيىسى، لوپ ناھىيىسى، چىرا ناھىيىسى، كېرىيە ناھىيىسى، مەكىت ناھىيىسى، پەيزاۋات ناھىيىسى، مارالبېشى ناھىيىسى، يوپۇرغا ناھىيىسى، ئاتۇش شەھىرى، ئاقتۇ ناھىيىسى، كەلپىن ناھىيىسى، لوپنۇر ناھىيىسى، موڭغۇل كۈرە ناھىيىسى، نىلقا ناھىيىسى، تېكەس ناھىيىسى، ئالتاي شەھىرى، چىڭگىل

ناھىيىسى، كۆك توقاي ناھىيىسى، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسى، بۇرچىن ناھىيىسى، جىمىنەي ناھىيىسى، قابا ناھىيىسى، تولى ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، ئارشاڭ ناھىيىسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىرى بار.

تۆتىنچى خىل رايونغا كىرىدىغان ناھىيە (شەھەر) لەردىن: تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى، ئۇلۇغچات ناھىيىسى، ئاقچى ناھىيىسى، نىيە ناھىيىسى، چەرچەن ناھىيىسى، چاقىلىق ناھىيىسى، ئارا تۈرۈك ناھىيىسى، قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى، بايىن بۇلاق رايونى، كۆك توقاي كان رايونلىرىدىن ئىبارەت.

1988-يىل 12-ئاينىڭ 13-كۈنى

# ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

## 1- ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى

1. شۇ ناھىيىنىڭ دورا - سايمان پىلانىنى تۈزۈپ يوللاشقا، تارقىتىشقا، ساقلاشقا مەسئۇل بولۇش.

2. يۇقىرىدىن بەلگىلەپ بەرگەن پىلاننى تۈزۈپ يوللاشتا، تۈرلۈك ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى يوللاشتا دەل ۋاقتىدا بولۇش.

3. ئۈچ ھېساباتنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق دورا - سايمان پونكىتىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كېلىش، كۈندىلىك ھېساباتنىڭ ئېنىق بولۇشىنى، ئايدا ھېساب بوغۇپ تۇرۇشنى، ھېسابات بىلەن ئەمەلىي نەرسە بىر - بىرىگە ئۇيغۇن بولۇشنى، ھېساباتنىڭ ئېنىق، رەتلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

4. دورا ـ سايمان ئامبارلىرىنى نەم تارتىپ قېلىشتىن، ئاپتاپ چۈشۈپ قېلىشتىن، توڭلاپ قېلىشتىن ساقلاش، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇش. ئامباردا ساقلىنىدىغان دورا ـ سايمانلار پۈتۈن يىللىق دورا ـ سايمان ئىشلىتىدىغان خادىملارنىڭ بەش ئايدا ئىشلىتىدىغان دورا مىقدارىنى ئىگىلەش. دورا ـ سايمانلارنى تۈرى، ئۆلچىمى، نومۇرى بويىچە رەتلىك قويۇش، ھېسابات، ئەمەلىي نەرسە، كارتوچكا قاتارلىقلار بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىش. ئادەم بىلەن دورىلارنى، دورا بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئارىلاش قويۇپ قويۇشنى چەكلەش كېرەك.

5. دورا ـ سايمانلارنى تارقىتىش، ئېلىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، دورا بۇيۇملىرىنى پىلانسىز ھالدا تارقىتىشنى تۈگىتىش، ھەر قايسى يېزا ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا سىستېمىلار بويىچە تارقىتىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئامبىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك.

6. ناھىيە، يېزا، كەنتلەر بويىچە ھەر دەرىجىلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، ناھىيە يېزىلار بىلەن، يېزا كەنتلەر بىلەن دەرىجىمۇ دەرىجە توختام ئىمزالاپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك.

7. خىزمەتتە پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش بو-
لۇش، ھەر پەسىلدە يېزىلارغا بىر قېتىم بېرىپ، خىزمەت-
لەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تۇرۇش. ئاساسىي قاتلاملار
ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنى، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ۋە
دورا بۇيۇملىرىنى تارقىتىش، ئىشلىتىش ئەھۋاللىرىنى ئوب-
دان خاتىرىلەپ، ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بې-
رىش كېرەك.

8. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى
چىڭ تۇتۇپ، يېزا - كەنتلەردىكى دورا- تارقاتقۇچى خا-
دىملار ۋە دورا ئىشلەتكۈچى خا-
دىملارنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتۇپ، دورا- سايمانلارنى ئىش-
لىتىش بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

9. تىپلارنى ئوبدان تۇتۇپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ،
دورا - سايمانلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تارقىتىش ئۈنۈ-
مىنى، دورا- سايمانلارنى ئىشلىتىپ تۇغۇتقا چەك قويۇش
نىسبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى 94% تىن يۇقىرى
قىلىش كېرەك.

## 2. يېزىلىق دورا پونكىتلىرىنىڭ رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلىرى

1. يۇقىرى بەلگىلەپ بەرگەن پىلاننى تۈزۈپ يوللاش،

تۇرلۇك مەلۇماتلارنى يوللاشتا دەل، ۋاقتىدا بولۇش.

2. يېزىلاردا ئىككى خىل ھېسابات تۇرغۇزۇش، ھېسابا ـ باتلارنى باشقۇرۇشتا ئۇنىڭ ئېنىق، رەتلىك بولۇشىنى، ھېسابات بىلەن كارتوچكا بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تىزىملىكى يېزىدا بىرسى، كەنتتە بىرسى بولۇش، دورا ئىشلەتكۈچى ـ لەرنىڭ كۆپىيىش ـ ئازىيىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاي ـ دا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تۇرۇش؛ ئۇنى قېرىنداش بىلەن تولدۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ تۇرۇش، دەرىجە ئاساسىي ئېنىق بولۇش كېرەك.

3. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا ـ سايمانلىرىنى باشقۇرۇشتا، دورا جاھازلىرىنى ياساش، ئۇنىڭ نەم تار ـ تىپ قېلىشىدىن، ئاپتاپ چۈشۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇش، چىرىپ سۈپىتىنىڭ ئۆز ـ گىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

4. دورا ـ سايمانلارنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش، دورىلارنى قالايمىقان قويۇش، قالايمىقان تارقى ـ تىشنى قاتتىق چەكلەش كېرەك.

5. ئاساسىي قاتلاملارغا دائىم چوڭقۇر چۆكۈپ، ئايدا بىر قېتىم دورا ـ سايمانلارنى تارقىتىش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش

ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پە-كىرلىرىگە قۇلاق سېلىپ، خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ مېڭىش كېرەك.

6. دورا تارقاتقۇچى، دورا ئىشلەتكۈچىلەر بويىچە ئۈچ دەرىجە توختام تۈزۈش ھەمدە توختام بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قىزغىن-لىقىغا ئىلھام بېرىپ، دورا - سايمانلارنى ئىشلىتىش نە-تىجىسىنى 98% تىن يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

7. تۈرلۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. كەنتلەردىكى دورا تارقاتقۇچى خا-دىملارنى ئايدا بىر قېتىم يىغىپ ئۇلارنىڭ خىزمەت دوك-لاتلىرىنى ئاڭلاپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش بىلىملىرىنى ئۆگىتىش كېرەك.

8. يېزىلىق دورا پونكىتلىرى ئاممىنىڭ تاللىۋېلىشى-غا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، دورا - سايمانلارنىڭ ئىسكىلاتتا ئۈچ ئاي ساقلىنىشىغا، دورا - سايمان تۈرلىرى-نىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 3. كەنتلەردە دورا - سايمانلارنى باشقۇ-رۇش تۈزۈمى

1. دورا - سايمانلارنى ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئۆزگە-

رىش دەرىجە ئاساسىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىگەللەپ تۇرۇش، دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئىستېمالىنى ئوبدان خاتىرىلەپ ئۇنى ياخشى ساقلاش كېرەك.

2. يېزىلىق دورا پونكىتلىرىغا ۋاقتىدا بېرىپ دورا ئېلىپ، ئۇنى دورا ئىشلەتكۈچىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىش، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەرگە ئېتىبار قىلىشتىن، دورىلارنى قالايمىقان تارقىتىپ بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. دورا - سايمانلارنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ، دورا ئىشلەتمەي قېلىشتىن ساقلىنىپ، دورا - سايمانلار ئارقىلىق تۇغۇتقا چەك قويۇش ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. تۈرلۈك ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ، دورا - سايمانلارنى ئىشلىتىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

4. تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى ئوبدان تۇتۇش، كەنتتىكى دورا تارقاتقۇچىلار بىلەن دورا-سايمان ئىشلەتكۈچىلەرگە دورا - سايمان ئىشلىتىش توختامى ئىمزالاش ھەمدە توختامدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، كەنتتىكى دورا تارقاتقۇچى ئادەملەر دورا - سايمان ئىشلەتكۈچىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا دورا - سايمان يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دورا ئالغۇچى دورا ئالغاندا ئىمزا قويۇش، پىلان سىرتىدا ھامىلدار بو-

لۇشنى توسۇش كېرەك.

٤. كەنتلەردە شۇ ئايلىق دورا - سايمان ئىشلەتكۈ-
چىلەرنىڭ سانى بويىچە، ئامباردا بىر ئايغا يەتكۈدەك
دورا - سايمان ساقلاپ، ئۇنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىش
ئۈچۈن زاپاس قويۇپ قويۇش كېرەك.

لۇشنى توسۇش كېرەك.

٥. كەنتلەردە شۇ ئايلىق دورا - سايمان ئىشلەتكۈ-چىلەرنىڭ سانى بويىچە، ئامباردا بىر ئايغا يەتكۈدەك دورا - سايمان ساقلاپ، ئۇنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىش ئۈچۈن زاپاس قويۇپ قويۇش كېرەك.

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى ھۆججىتى

خ پ (1991) 18-نومۇرلۇق

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كونكرېت تەدبىرى

(1991-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى)

1. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك

(1) ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. (رەھبەرلىك بەنزە ئىسمىلىكىنى ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسى تۈۋەنگە تارقاتتى.)

كۈندىلىك كونكرېت خىزمەتلەرنى ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت

كومىتېتى بېجىرىدۇ. ناھىيە (شەھەر) لەردە تېزدىن ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇشى لازىم.

(2) ناھىيە (شەھەر) لەر ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ، پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىرىنچى باشلىقلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە تۇتۇشى، ئۆز (ناھىيە) شەھىرى، ئۆز ئورنىنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇشى، پىلانلاشنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

(3) پىلانلىق تۇغۇت سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت. ناھىيە (شەھەر) لەر، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار ھازىر يولغا قويۇۋاتقان سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقى، ئىزچىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش تەدبىرلىرىنى نەقلەشتۈرۈپ، «يالغۇز پەرزەنتلىك شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ۋە «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئائىلىلەرگە بەلگىلىمە بويىچە ھەر ئايدا ساقلىقنى ساقلاش پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتىش ھەمدە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىشقا ئورۇنلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن ئېتىبار بېرىشى لازىم. داۋالىنىش راسخوتىنى كېمەيتكەن ۋە كەچۈرىم قىلغان ئورۇنلار يالغۇز پەرزەنتلەر ۋە پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغان پەرزەنتلەرنى ئالدىن ئوقۇتۇشى لازىم. پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغقانلار بۇنىڭدىن

بىردەك بەھرىمەن بولالايدۇ.

(4). ۋىلايەت ۋە ناھىيە (شەھەر) لەر، يېزا-بازارلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قەرەللىك مۇزاكىرە قىلىش، ۋىلايەت، ناھە-يە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەر پەسىلدە بىر قېتىم (يېزا-بازار، كەنتلەر ھەر ئايدا بىر قېتىم) پىلانلىق تۇغۇت نوپۇس پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى توغ-رىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە قارىتا ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىلان-لىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈ-رۈپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش مەقسىتىگە يېتىشى لازىم.

(5). نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى چىڭىتىش لازىم. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ۋە قىيىن نۇقتىسى يېزىلاردا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر زور مىقداردا چاپالىق، ئىنچىكە ئىشلىگەندىلا، ئاندىن يېزىلاردىكى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇڭلاشقا، نوپۇس-نى نىشانلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان ناھىيە (شە-ھەر) لەر، يېزا-بازارلار، كەنتلەرنى زور كۈچ بىلەن تەقدىر-لەش، مۇكاپاتلاش، نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى تىزگىنلەش-

يەلمىگەن، ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىغانلارنى جازالاش كېرەك.

كونكرېت مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش تەدبىرى تۆۋەندىكىچە:

1) پىلاندىن ئاشۇرۇپ پەرزەنت كۆرگۈچىلەرگە قەتئىي ھالدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1988) 56-نومۇرلۇق ۋە (1989) يىل 71-نومۇرلۇق ھۆججىتى ئىجرا قىلىنىدۇ. (شۇنداق بولغان بىر ۋاقىتتا، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، كاپالەتنامە يازدۇرۇلىدۇ) يېزا، سۇلۇم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار پىلاندىن ئاشۇرۇپ بىر پەرزەنت كۆرسە، ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە جەرىمانە قويۇلغاندىن تاشقىرى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مەخسۇس ئىشلەيدىغان كادىرلار پىلاندىن ئاشۇرۇپ بىر پەرزەنت كۆرسە، ھۆججەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە جەرىمانە قويۇلغاندىن باشقا، ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىنىدۇ. بۇندىن كېيىن پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغقۇچىلارغا پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى پىلاندىن ئاشۇرۇپ پەرزەنت كۆرۈش ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرىنى ئەھۋال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنداقلارنىڭ بەش يىلغىچە ئىلغار بولۇپ سايلىنىش، ئۆستۈرۈلۈش، مائاشنى تەڭشەش سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. پارتىيىگە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىلگىرى بېرىلگەن ھەرخىل مۇكاپاتلار بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بۇ بەلگىلىمە

بويىچە ئىجرا قىلىنمىسا، رېۋىزىيە تارماقلىرى مۇناسىۋەت-لىك ئورۇن رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ.

2) كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇش:

(1) كەنت تەشۋىقاتچىسى: ھەربىر كەنتتە بىردىن پىلان-لىق تۇغۇتنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان تەشۋىقاتچىلار بولۇشى، ئۇنىڭ مۇئامىلىسى مۇئاۋىن كەنت دەرىجىلىكلەرنىڭ مۇئا-مىلىسىدىن تۆۋەن بولماسلىقى كېرەك. تەشۋىقاتچىلار پىلان-لىق تۇغۇتنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى پائال تەشۋىق قىلىشى، نو-پۇسنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئائىلىگە ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىپ، تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەنت باشلىقىغا ھەر ۋاقىت ئۆز كەنتىدىكى پىلانلىق تۇغۇت ئەھ-ۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇرۇشلىرى لازىم. ئۆز كەنتىنىڭ نوپۇس پىلانىدىكى يىللىق نوپۇس مەسئۇلىيەت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇن-داش ئاساسىدا، تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 4% تۆۋەنلەتسە، (مىڭدا بىر پىرسەنت ئازلاتسا) بەش يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. تۇغۇت نىسبىتىنى 4% (مىڭدا بىر پىرسەنت) ئاشۇرۇۋەتسە، بەش يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. مەلۇم قىلماي يوشۇرغانلاردىن ھەسسىلەپ جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

(2) كەنت كومىتېت مۇدىرلىرى: پىلانلىق تۇغۇت خىزمە-تىنى ئاساس قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ،

تەشۋىقاتچىلارنىڭ دوكلاتىغا ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇش ئەھۋالىغا ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىشى، تەشۋىقاتچىلار ئۈنۈملۈك تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى لازىم. پۈتۈن كەنت بويىچە، نوپۇس پىلانىدىكى تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 4% ئاشۇرۇۋەتسە، ئون يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. 4% ئازلاتسا، 10 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. يوشۇرسا، ھېسابلاپ جەرىمانە قويۇلىدۇ.

3) يېزا-بازارلارنىڭ نوپۇسىنى باشقۇرۇش:

(1) پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىرى كەنت، گۇرۇپپىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇش ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا يېزا باشلىقىغا دوكلات قىلىپ، تولۇقلاش تەدبىرى قوللىنىش لازىم. پۈتۈن يېزىنىڭ ھەريىللىق نوپۇس پىلان كۆرسەتكۈچى بويىچە، تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 5% تۆۋەنلەتسە، (مىڭدە 1·25 پىرسەنت ئازلاتسا) 10 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. تۇغۇلۇش نىسبىتىنى 5% ئاشۇرۇۋەتسە، 10 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. مەلۇم قىلماي يوشۇرغانلارغا ھېسابلاپ جەرىمانە قويۇلىدۇ.

(2) يېزا-بازارلىق پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرى، يېزا-بازار باشلىقلىرى ئۆز يېزا-بازارلىرىنىڭ تولۇق ئىشلەپچىقىرىش

ئىشلىرىنى تۇتقاندا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ۋە نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، كونكرېت يولغا قويغان تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، پىلانلىق تۇغۇت دوكلات يىغىنلىرىنى ۋاقتىدا ئېچىپ، ھامىلدار بولۇش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگەللەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشى لازىم. پۈتۈن يېزا-بازارنىڭ نوپۇس پىلانى، يىللىق تۇغۇش نىسبىتىنى 5% (يەنى مىڭدە 1.25 پىرسەنت) ئازلاتسا، 20 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. 5% ئاشۇرۇۋەتسە، 20 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ. يوشۇرۇپ مەلۇم قىلمىغانلارغا ھەسسىلەپ جەرىمانە قويۇلىدۇ. نوپۇسنىڭ تىزگىنسىز قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىنىدۇ، شۇ كىشى ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈشنامىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. ناھىيە، شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىشكە تاپشۇرىدۇ.

4) ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ نوپۇسنى باشقۇرۇش: نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش سانى يىللىق نوپۇس تۇغۇلۇش پىلانىدىن 6% (مىڭدە 1.5 پىرسەنت) ئازلاتسا، 30 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى نوپۇس تۇغۇلۇش پىلانىدىن يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ھەر 6% كە 30 يۈەندىن

جەرىمانە قويۇلىدۇ. پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇزغانلارنىڭ سانىنى يوشۇرغانلارغا ھەسسىلەپ جەرىمانە قويۇلىدۇ.

(1) ناھىيە (شەھەر) لىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مۇدىرلىرىغا دائىم يېزىلارغا بېرىپ، تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى، تەشۋىقات خىزمىتىنى ۋە ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش، دورا-ئەسۋابلارنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولغانلارنى، ۋاقتىدا خىزمەت ئىشلەپ، تولۇقلاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، تۇغۇتنىڭ ئېشىشىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىگەنلىرىگە يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە مۇكاپات بېرىلىدۇ، خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ يەنىلا پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەن بولسا، يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. تەشۋىق قىلماي، خىزمەت ئىشلىمەي، ناھىيە (شەھەر) نىڭ تۇغۇتىنىڭ تىزگىنسىز قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىپ، 100 يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىستېمىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىنىدۇ ۋە ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

(2) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ۋە مەسئۇل بولۇپ باشقۇرىدىغان ھاكىم (شەھەر باشلىقى) لاردىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ھەقىقىي تۇتقان، دوك-

لاتنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش-
نىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا مۇھاكىمە قىلىپ، نوپۇس-
نى پىلانلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغانلارغا يۇ-
قىرىقى بەلگىلىمە بويىچە مۇكاپات بېرىلىدۇ. خىزمەت ئىش-
لىگەن بولىمىز، نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى
ئورۇندىيالمىغانلارغا يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر بويىچە جەرى-
مانە قويۇلىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئاستايىدىل
تۇتماي نوپۇسنىڭ تىزگىنسىز قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقار-
غانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. مەسئۇل بولۇپ
باشقۇرىدىغان ۋە ئاساسلىق باشقۇرىدىغان رەھبەرلەر-
نىڭ ھەربىرىگە 150 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلىدۇ ھەمدە ئۆزىنى
تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يازغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پىلانلىق
تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مۇزاكىرە قىلىپ، بىرتەرەپ
قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇن-
لارنىڭ بىرتەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

ز) پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغقانلارغا چاپان يېپىپ ئۇلارنى
ئاقلىغان ھەردەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە ئامما-
نى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش كېرەك. پىلاندىن
ئاشۇرۇپ پەرزەنت كۆرگەنلەرگە چاپان ياپقۇچىلار خاتا
قىلمىشلىرىنى بايقىغان ياكى پاش قىلىشنى تاپشۇرۇپ ئال-
غاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشكەن ھامان قاتتىق

مۇئامىلە قىلىش، چاپان ياپقانلار ئۆزىنى تەكشۈرىدۇ، يو-زىتسىيىسى ياخشى بولمىغانلارنى ئۇمۇزىمىي ئۆزگەرتىۋرۇش تار-قىتماي تەنقىد قىلىنىدۇ. داۋاملىق چاپان يېپىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغانلارغا ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام چارىسى كۆرۈش، ھەتتا پارتىيەدىن چىقىرىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، خىزمەتتىن ھەيدەش تەكلىپىنى بېرىدۇ.

6) «بىر ئاۋاز ئارقىلىق» ئىنكار قىلىش ھوقۇقىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكرى:

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرنى يولداشلار، نۆۋەتتىكى نوپۇس-نىڭ جىددىي ۋەزىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنى كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش ۋەزى-پىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەد-بىرلەرنى قوللىنىپ، ھەممە تەرەپ بىرلىكتە تەڭ تۇتۇپ، چىڭ، ياخشى تۇتۇشى لازىم. قاتتىق يولغا قويۇش كېرەك. ھەر قايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىغان بولسىمۇ، لېكىن نوپۇس پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىيالمىغان بولسا، بىردەك ئىلغار بولۇپ باھالانماي-دۇ، ئىلغار بولۇپ باھالانغانلارنىڭ ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىل-گەنلىكى ئېلان قىلىنىدۇ؛ پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش ئەھۋالى

بار ئىدارىلەرگە مەنەۋى مەدەنىيەتلىك ئورۇن، تەمىنلىمەك ئورۇن نامى بېرىلمەيدۇ، بېرىلسە، بولغانلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ھامان ئاشكارا ئېلان قىلىپ ئەمەلدىن قالدۇ-رۇلىدۇ.

**2. پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ خىز-مىتىنى قوللاپ، ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت خىز-مەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم**

(1) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئومۇمىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تە-رەپلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا تېگىشلىك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، ھەر قايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى پىلانلىق تۇغۇتقا مۇنا-سىۋەتلىك خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئىشنى تەقسىم قىلىپ، ھەمكارلىشىپ ئۆتكەلنى قاتتىق تۇتۇشقا قىلىش لازىم. قايسى ھالقىدا مەسىلە چىقسا، شۇ تارماق مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىش. پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇل-غان نوپۇسلارنىڭ نوپۇس، ئاشلىق مۇناسىۋىتىنى ج خ ئاش-لىق تارماقلىرى ۋە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى قاتتىق تۇتۇشقا قىلىش لازىم. بالدۇر نىكاھلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ناھىيە، يېزا-بازارلاردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق ئىشلار تارماقلىرى نىكاھلىنىشنى تىزىملاش ئۆتكىلىنى قات-

تىق تۇتقا قىلىشى لازىم. جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا قارىتا، تۇغۇت باشقۇرۇشقا سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، ج خ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى ئورتاق مەسئۇل بولۇپ، ش پ (1988) 15-نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمە (يەنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، ج خ نازارىتى، خۇسۇسىي ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى بىرلىشىپ چىقارغان) «يەككە تىجارەتچىلەر ۋە ئېقىپ يۈرگەن خادىملارغا قارىتا پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى» بويىچە قاتتىق بىرتەرەپ قىلىش كېرەك، پاش قىلىشتا تۆھپىسى بار بولغانلارغا يىل ئاخىرىدا مۇكاپات بېرىلىدۇ، پىلاندىن بىرنى ئاشۇرۇپ تۇغقۇچىنى ئىككى ئادەمتەك پاش قىلغان بولسا، ئالدىدا پاش قىلغۇچى مۇكاپاتلىنىدۇ.

(2) ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى قوللاپ ۋە كۆڭۈل بۆلۈپ، پىكرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشى كېرەك، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى باشقۇرۇشى، مەخسۇس كەسىپتىكى كادىرلارنى شۇ كەسىپتە قويۇپ، ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش لازىم. ئۇلارنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشى، قىسقىلىشى، ئۆستۈرۈلۈشى،

ۋەزىپىسىنى تۈزىتەلەيمىز، مۇكاپاتلاش، جازالاش ئىشلىرىغا قارىتا، پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى كونكرېت پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسى بويىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىشى لازىم. بۇندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كەسپىي كادىرلىرىنى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

(3) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سىياسىيلىكى كۈچلۈك، قىيىنلىق دەرىجىسى چوڭ بىر تۈرلۈك خىزمەت. شۇڭا ئۇچۇن ئىدىيىسى ياخشى، ئىستىلى دۇرۇس، كەسپىنى، سىياسەتنى بىلىدىغان پىلانلىق تۇغۇت كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ خىزمەتنى ئىشلەش لاياقىتى يوق، تەربىيىلەش ئارقىلىق يەنىلا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش لازىم؛ پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى بۇ جەھەتتە قارار قىلغان ھامان، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى ئاكتىپ ھالدا يۆتكەپ، ئېھتىياجلىق خادىملارنى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكەپ بېرىشى لازىم.

(4) پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرى ئەگەر خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى قالايمىقان تارقىتىپ، ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز سۆزىنى قانۇن

ئورنىدا قويۇپ، قالايمىقان جەرىمانە ئالغان بولسا، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەنلەرگە يېنىماك بولغانلىرى ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئەچكى‌تەسمىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىد قىلىش، ئاز قويغان جەرىمانىنى تولۇقلاپ ئېلىش ياكى ئارتۇق ئالغان جەرىمانىنى قايتۇرۇش، قىلمىشى ئېغىر بولغانلارنى پىلانلىق تۇغۇت قوشۇنىدىن يۆتكىۋېتىش، ھەتتا رېۋىزىيە تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىشىنى قوبۇل قىلىش.

3. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش. «ئىككى مەدەنىيەت»نى بىرلىكتە بەرپا قىلىش، ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىشنى بىرگە تۇتۇش ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. نامرات ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ تۇتۇش لازىم. نامرات ئائىلىلەر پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغسا، نامراتلىققا قايتىش خەتىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نامرات ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر نامرات ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىنى نوپۇس باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كۆپ پەرزەنتلىك ئائىلىلەر تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنى

ئەمەلىيلەشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى، ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىپ، كۆپ تۇغۇشتا چىڭ تۇرغان نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش جەھەتتىكى بارلىق ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

**4. پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق-تەربىيەنى ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم**

پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى كەڭ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

(1) ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەر، يېزا-بازار، رادىئو، تېلېۋىزىيە، كىنو، قارا تاختاي گېزىتى، تام گېزىتى قاتارلىق ھەرخىل ۋاسىتىلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، پىلانلىق تۇغۇتنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك. خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان تەشۋىق خەۋەرلىرىنى كۈچەيتىپ، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، ھەر ئايدا پىلان تۈزۈپ، يولغا قويۇشنى تەشكىللەش كېرەك. سىملىق رادىئو ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم پىلانلىق تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى ئاڭلىتىشى كېرەك. زاۋۇت، كان، كارخانىلار، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار ھەر ئايدا بىرسان

پىلانلىق تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك تـــام گېزىتنى ۋە مەخسۇس ئىستون چىقىرىش لازىم.

(2) ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى، پەن-تېخنىكا جەمئىيىتى ھەريىلى پىلانلىق تۇغۇتنى مەزمۇن قىلغان بىردىن ئىككىگىچە تەشۋىقات ماتېرىيالى ۋە ئەدەـ بىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى سەنئەت ئۆمىكى» ۋە ھەر قايسى ناھىيە، شەـ ھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى پىلانلىق تـــۇغۇتنى مەزمۇن قىلغان ھەرخىل سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ، ھەربىر مەيدان ئويۇندا ئۈچتىن بەشكىچە نومۇرلارنى كـــۆرسىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىـ سى، خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەريىلى پىلانلىق تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقات بەدـ ئىي فىلىمىدىن بىرنى ئىشلەش لازىم.

(3) ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلىك پىلانـــلىق تـــۇغۇت كومىتېتلىرى ھەريىلدا بىرقېتىم پىلانلىق تۇغۇت زېھىن سىـ ناش مۇسابىقىسىنى تەشكىللەش كېرەك. ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيە، شەھەرلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرى ۋە پەن- تېخنىكا جەمئىيىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ئىتتىپاق كو- مىتېتلىرى، ئاياللار بىرلەشمىسى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدا- رىلىرى ھەمكارلىشىشى كېرەك.

(4) ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ تەشۋىقات تارماقلىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ھەر يىللىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ تەشۋىقات نۇقتىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەمدە ھەرقايسى تارماق ئورۇنلارنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت بۇ دۆلەتنىڭ تۈپ سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ھەممە ئائىلىگە، ھەممە ئادەملەرگە بىلدۈرۈش كېرەك.

(5) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە، شەھەرلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى ھەر يىلى ئىككى قارارلىق قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزا-كەنت دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىرىنى، تەشۋىقاتچىلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ھەر يىلى ئىككى قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كەسپىي كادىرلارنى تەربىيىلەيدۇ، ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلار بىلەن پائال ئالاقىلىشىپ، ھەر يىلى ئازدېگەندە سەككىز نەپەر پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارغا ئۆگىنىشكە ۋە بىلىم

ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش كېرەك، ئۆگىنىش ۋاقتى يېرىم يىلـدىن كەم بولماسلىقى كېرەك. ۋىلايەتلىك چوڭـلارغا ئارتىپ تار-ماقـلىرى يايلاقلىق تۇغۇت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىز-مىتىنى ئۈستىلىشى ھەمدە ئۇنى ھەر يىللىق چوڭلارغا ئارتىپ پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ۋىلايەت بويىچە يايلاقلىق تۇغۇت كادىر-لىرىنىڭ سىياسىي، كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**5. يايلاقلىق تۇغۇت راسخوت مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك**

يولداش سۇڭ خەنلياڭ ئاپتونوم رايونلۇق يايلاقلىق تۇغۇت خىزمەت سۆھبەت يىغىنىدا، «ھازىر، كۆپ ساندىكى ۋىلايەت ئورۇنلىرىدا قىزىل رەقەم كۆرۈلدى، قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس، لېكىن بىز بۇ مەسىلىگە ئومۇمىي ۋەزىيەت تە-رەققىيات نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، يايلاقلىق تۇغۇتتىن ئىبارەت بۇ بىر خىزمەتنى ئورۇنلاشقا كاپا-لەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايـون 88-يىلى يىللىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە بارغاندا، ھازىرقى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن 1.22 يۈەن يايلاقلىق تۇغـۇت خىراجى-تىنى تەدرىجىي ھالدا 2.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى» دەپ كۆرسەتتى.

مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىغاندا، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ھازىرقى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يايلاقلىق تۇغۇت خىرا-

جەمئىي ئاراللا 0.47 يۈەن، بۇنى 2.50 يۈەنگە ئۆستۈرۈش ئۈ- چۈن، ھەر يىلدىكى ئومۇمىي نوپۇس بويىچە كىشى بېشىغا 0.41 يۈەن كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونى 55%، 56% نى ھەل قىلسا، (0.19 يۈەن)، ھەر يىلى 260 مىڭ يۈەن كۆپىيىدۇ. ۋىلايەت 25.93% نى ھەل قىلسا، (0.09 يۈەن) ھەر يىلى 130 مىڭ يۈەن كۆپىيىدۇ، ناھىيە، شە- ھەرلەر 18.51% نى ھەل قىلسا، (0.06 يۈەن)، ھەر يىلى 90 مىڭ يۈەن كۆپىيىدۇ، ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەر يىللىق كۆپىيىش سانى تۆۋەندىكىچە:

گۇما ناھىيىسى ھەر يىلى 12 مىڭ يۈەن.

قاراقاش ناھىيىسى ھەر يىلى 20 مىڭ يۈەن.

خوتەن شەھىرى ھەر يىلى 9 مىڭ يۈەن.

خوتەن ناھىيىسى ھەر يىلى 13 مىڭ يۈەن.

لوپ ناھىيىسى ھەر يىلى 13 مىڭ يۈەن.

چىرا ناھىيىسى ھەر يىلى 9 مىڭ يۈەن.

كېرىيە ناھىيىسى ھەر يىلى 12 مىڭ يۈەن.

نىيە ناھىيىسى ھەر يىلى 2000 يۈەن.

ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرىچە 500 مىڭ يۈەن كۆپىيىدۇ.

بۇ پۇلنى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات كەسپىي خادىملىرىنى تەربىيىلەش، ئوپېراتسىيە خىراجەتلىرىگە، سايمان-ئۈس- كۈنىلەرنى سېتىۋېلىشقا، ناھىيىدىن تۆۋەن پىلانلىق تۇغۇت

مەخسۇس كادىرلارنىڭ خىزمەت ئورنى تولۇقلانمىغا، كەنت دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ قىسمەن قوشۇمچە ياردەمگە ئىشلىتىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ھەل قىلىش كېرەك. ئۈچ-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋىلايەت بويىچە پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات تېخنىكا يېتەكچىلىك ئورنى (پونكىت) لارنىڭ خىزمەت ئۆيلىرى ۋە بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يېتەرلىك راسخوتنى مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىپ، يېزىلارغا ئىشلىتىشنى نۇقتا قىلىپ، يېزا-كەنتلەر ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك. ۋىلايەت بويىچە ھەر بىر يېزا-بازارلاردا بىردىن پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتلىرىنى قۇرۇشتا ھەر بىرىگە 10 مىڭ يۈەن بويىچە خام چوت قىلغاندا، جەمئىي 1 مىليون 50 مىڭ يۈەن كېتىدۇ. مالىيەدىن پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا چىقىم قىلىپ بېرىش، ھەر قايسى يېزا-بازار شىپاخانىلىرىنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىش ۋاقتىدا بىرگە سېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەر قايسى يېزا-بازارلار، يېزا-بازار دوختۇرخانىلىرىنى سېلىشتا، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكچىلىك پونكىتى ۋە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخا-

ئىلىمىرىنى، ئىلمىلەكتە سېلىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى تار-ماق، ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى-نى پائال قوللىشى، پىلانلىق تۇغۇت كادىرلىرىنى قوغ-دىشى، بىرىنچى سەپتە خىزمەت قىلىۋاتقان پىلانلىق تۇ-غۇت مەخسۇس كادىرلىرىغا يار-يۆلەكتە بولۇش، دۆلەت-نىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىگە ھۇجۇم قىلغان ۋە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان، ئاممىنى پىلانلىق تۇغۇتقا نا-رازى بولۇشقا قۇترىتقان كىشىلەرگە تەنقىد-تەربىيە بېرىش كېرەك. پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلىرىگە زەربە بېرىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، تەھدىت سالىدىغان، بۇزۇق ئادەملەرنى قەتئىي قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك.

پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش—مىڭلىغان-مىڭ-لىغان ئائىلىلەرگە، مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا، دۆلەت-نىڭ قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. ۋىلايەت بو-يىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ھەر مىللەت خەلقى ھەرىكەتكە كېلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشى، ئەۋلاد-لىرىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن، خوتەننىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈ-رۈش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى!

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق پى-لانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا يوللاندى.

# جكپ خوتەن ۋىلايەتلىك كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى

خ پ م (1991) ٤-نومۇرلۇق

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ 5-قېتىملىق هەيئەتلەر يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى

(پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئائىت قىسمى)

5. ۋىلايەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ كونكرېت تەدبىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە هۆججەت چۈشۈرۈپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. يىغىندا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى يېزا-بازار، هەر بىر مەمۇرىي كەنتلەردە بىر نەپەر مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىسى تەسىس قىلىش، ئۆز كەنتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش، تېخنىكا مۇلازىمەت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش، ئۇلارغا قارىتا ئىقتىسادىي مۇئامىلە ئۆز كەنتىدىكى كەنت دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي مۇئامىلىسىدىن تۆۋەن بولماسلىق بەلگىلەندى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ھۆججىتى

خ م م (1989) 71-نومۇرلۇق

## خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988-يىلى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا قولايلىق يەتكۈزۈپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن «خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» نى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقتۇق. ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتې-

تىنىڭ تەستىقىنى ئېلىپ، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تارقاتتۇق. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشنىڭ سىياسىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولغاچقا، ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنىڭ تەسىرىگە خاتىمە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، بولۇپمۇ يېزىلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ نۇقتىسى بولغاچقا، تەشۋىقىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم. جايلاردىكى بۇ بەلگىلىمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىسى

1989-يىل 10-ئاينىڭ [illegible]-كۈنى

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى 1989-يىلى 10-ئاينىڭ [illegible]-كۈنى باستۇردى.

## خوتەن ۋىلايىتىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى

1-تۇغۇت سىياسىتى:

1-ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا، دۆلەتنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئاممىنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىنى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ. ئىدىيىۋى جەھەتتىن سەپەرۋەر قىلىش، تەشۋىقىي تەربىيە ئېلىپ بې-

رىشنى ئاساس قىلىش، زورلۇق بولغان لايىھە مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوشۇمچە قىلىش قائىدىسىنى يولغا قويۇلىدۇ.

2-ماددا خەنزۇ مىللىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتىكى مۇكاپاتلاش-جازالاش بەلگىلىمىسى پرىنسىپ جەھەتتىن يەنىلا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ (1981) 32-نومۇرلۇق ھۆججىتى، (1988) 56-نومۇرلۇق ھۆججىتى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر)لەر ۋىلايەتكە قاراشلىق بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ تۈزۈلمىرى تۈزگەن ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى، ئەگەر مەزكۇر بەلگىلىمىگە زىت بولمىسا، مەزكۇر بەلگىلىمە ئاساس قىلىنىدۇ.

3-ماددا خەنزۇ مىللىتى ئائىلىسى ئىچىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇن بىرلا پەرزەنت كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئىككىنچى پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغۇچى ئەر-خوتۇنلار ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئارقىلىق، تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ. بۇنىڭدا تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. بۇنداق قىلمىغانلار پىلاننىڭ سىرتىدا پەرزەنت كۆرگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

4-ماددا، شەھەر، ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇننىڭ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. 4-پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. تۇغۇت ئارىلىقى ۋاقتى ئۈچ يىلدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

5-ماددا 1) يېزىلاردا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئادەتتە ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلەر ناھىيەلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ تەستىقلا-شى ئارقىلىق 4-پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ. 5-پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ، تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

(1) پەرزەنت ئىچىدە غەيرى ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەل بولسا، (2) قىزى بار ئوغلى يوق بولسا، (3) قايتا نىكاھلانغان ئەر-خوتۇننىڭ بۇرۇنقى پەرزەنتلىرى جەمئىي ئۈچتىن ئاشمىغان بولسا، (4) ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئىچىدە بىرەيلەننىڭلا پەرزەنت كۆرۈش ئىقتىدارى بولسا، (5) تويى قىلىنغان (چوقۇم پەرزەنتلىك بولۇپ باقمىغان بولۇشى لازىم) چوڭ ياشلىق ئەر خەنزۇلار 32 ياش، ئاز سانلىق مىللەتلەر 30 ياش، چوڭ ياشلىق قىز

(خەنزۇ 30ياش، ئاز سانلىق مىللەت 28ياش) لەر جورىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر يېڭىدىن توي قىلسا، ئۇلارنىڭ پەرزەنت سانى بەلگىلىمىدىكى پەرزەنت سانىدىن بىرسى ئارتۇق بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاھمىيە يازىرىدا توي قىلمىغان چوڭ ياشلىق مىللىي قىز (28ياشتىن يۇقىرى) ئۈچ بالىلىق جورىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر بىلەن توي قىلسا، يەنە بىرنى تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدا توي قىلمىغان چوڭ ياشلىق بىر مىللىي ئەر (30ياشتىن يۇقىرى) بالىلىق جورىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال بىلەن توي قىلسا، يەنە بىرنى تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. يېزىلاردا چوڭ ياشلىق توي قىلمىغان بىر خەنزۇ قىز ئۆز اكەلتمدىكىن ئەككى بالىسى بار جورىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر بىلەن توي قىلسا، يەنە بىرنى تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

6-ماددا خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىنەن بولسا، ئۇلارغا قارىتا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

7-ماددا ھەربىي قىسىم، ئائىلە تەۋەلىرىگە (يەرلىك ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بېرىدىغان ھەربىي قىسىمنىڭ بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىدۇ.

8-ماددا سىرتقى جايلاردىن يېقىپ كېلىپ، سودى-

گەرچىلىك، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارغا قارىتا بىردەك ئەمەلىي نوپۇسى تۇرۇشلۇق ئورۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئارتۇق تۇغقانلار نەـ جەتەن ۋىلايىتىمىزنىڭ ئېقىپ يۈرگەنلەرنى باشقۇرۇش نىزامنامىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 2. مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

**9-ماددا** كېچىكىپ توي قىلغان ئەر-خوتۇنلارغا (قايتا توي قىلغانلار بۇنىڭ سىرتىدا) بەلگىلىمە بويىچە كېچىكىپ توي قىلىش يېشىدىن (خەنزۇلار 23 ياش، قىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كېيىنگە سۈرۈلگەن ھەر بىر يىلى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك توي رۇخسىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 كۈندىن ئاشمايدۇ. ئىش ھەققى ئادەتتىكىدەك بېرىلىدۇ. ئازسانلىق مىللەتلەرگە قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشى 18 ياش (قىز كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئاساسىدا كېچىكىپ توي قىلغان ھەر يىلى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك توي رۇخسىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 كۈندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

**10-ماددا** 1-تۇغۇت رۇخسىتى: قانچىنچى پەرزەنت، قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 21-كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئەمـ

يەك دۇخا پەرزەت بەلگىلىمىسى»نىڭ ۋـماددىسىدىكى بەلـ-
گىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ. يەنى ئايال ئىشچى-خىز-
مەتچىلەرنىڭ تۇغۇت رۇخسىتى 90 كۈن؛ بۇنىڭ ئىچىدە تۇ-
غۇتتىن بۇرۇن 15 كۈن دەم ئالىدۇ. قىيىن تۇغۇتلۇقلارغا 15 كۈن
تۇغۇت رۇخسىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. كۆپرەك تۇغقانلارغا ئار-
تۇق تۇغقان بىر بالىسى ئۈچۈن 15 كۈن تۇغۇت رۇخسە-
تى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

2- تويى قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئەگەر كېي-
چىكىپ پەرزەنت كۆرسە، (ئاز سانلىق مىللەتلەر 21 ياش،
توققۇز ئايدىن يۇقىرى، خەنزۇلار 23 ياش، توققۇز ئاي-
دىن يۇقىرى) تۇنجى بالىنى تۇغقاندا، 15 كۈنلۈك تۇغۇت
رۇخسىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان،
تويى قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئارىلىقتا ئۈچ يىل ئۆتكۈزۈپ
(ئۈچ يىللىقمۇ تولۇق ئىچىگە ئالىدۇ) 2-بالىنى تۇغقان
ھەمدە تۇغۇت دەم ئېلىش مەزگىلىدە «پىلانلىق تۇغۇت
شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان بولسا، 15 كۈنلۈك تۇغۇت
رۇخسىتى قوشۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىككى مەزمۇندىكى قوشۇپ
بېرىلىدىغان تۇغۇت رۇخسىتىنى تورۇنلار تۇغۇتلۇق ئايال-
نىڭ ئەمەلىي يېشىغا ئاساسەن تەستىقلىغاندىن كېيىن
ئاندىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

3- ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ،

كۆپلىگەن ئىدارىلاردا ئادەمگە قاراپ نورما بەلگىلەش، ياشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش، ئەمگەك تەشكىللىرىنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىقلار يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇندىن كېيىن مەيلى خەنزۇ، مەيلى ئاز سانلىق مىللەت بولسۇن، تۇغۇت ۋاقتىدىكى بىرىيىللىق دەم ئېلىش تەشەببۇس قىلىنمايدۇ. بۇرۇن بىر يىللىق دەم ئېلىشتىن بەھرىمەن بولغانلارغا يالىلار سالامەتلىك پۇلى تارقىتىلمايدۇ.

4- ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھامىلدار بولۇپ، تۆت ئايغا توشمىغان ۋاقىت ئىچىدە بالىسى چۈشۈپ كەتسە ياكى سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا ئالدۇرۇۋەتكەن بولسا، داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن 15 كۈندىن 30 كۈنگىچە تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ. (ئايال ئىشچى- خىزمەتچىلەر ھامىلدار بولۇپ، ئىككى ئايلىقتىن تۆۋەن بالىسىنى ئالدۇرۇۋەتكەن بولسا، 20 كۈنلۈك تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ. تۆت ئايلىقتىن تۆۋەن بولسا، 30 كۈنلۈك تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ.) تۆت ئايلىقتىن يۇقىرى بولۇپ بالىسى چۈشۈپ كەتكەن، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالدۇرۇۋەتكەنلەرگە 42 كۈنلۈك تۇغۇت رۇخسىتى بېرىلىدۇ. تۇغۇت رۇخسىتى مەزگىلىدە مائاشى ئادەتتىكىدەك تارقىتىلىدۇ. تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئۆمرىدە پەقەت ئۈچ قېتىملىق سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا چۈشۈرۈش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

ئېشىپ كەتكەنلەر ئىش رۇخسىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئوپېراتسىيە ھەققىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. 5-بالا بېقىۋالغان ئايال ئىشچى-خىزمەتچىلەر تۇغۇت رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولمايدۇ. ئەگەر بېقىۋالغان بالىسى 45 كۈنلۈكتىن ئاشمىغان بولسا، بالا بېقىۋالغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ بىرىگە 30 كۈنلۈك بالا باقاش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. ئىش ھەققى ئادەتتىكىدەك تارقىتىلىدۇ.

**11-ماددا** خەنزۇلار ئىچىدە ئومۇمىيەت بىر پەرزەنت كۆرۈشنى ئىختىيار قىلغان ئەر-خوتۇنلارغا «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى» بېرىلىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە ئومۇمىيەت ئىككى پەرزەنت كۆرۈشنى ئىختىيار قىلغان ئەر-خوتۇنلارغا «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بېرىلىدۇ. «يالغۇز پەرزەنتلەر گۇۋاھنامىسى»، «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغانلار تۆۋەندىكىدەك مۇكاپات ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1- خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر گۇۋاھنامە ئالغان ئايدىن باشلاپ ھەر يىلى 60 يۈەن بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى ئالىدۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئىشلىگەن ئورۇندىن ھەر يىلى ھەر قايسىغا 30 يۈەندىن تارقىتىپ بېرىلىدۇ. تاق ئىشچى-خىزمەتچى بولسا، خىزمەت قىلىۋاتقان كەسىپنىڭ

ئىدارىسى يىلىغا 60 يۈەن پۇل بېرىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھازىر پەقەت ئىككىلا بالىسى بار ھەمدە تۆرىدە ئىككىلا پەرزەنتى بولۇشنى ئىختىيار قىلغانلار «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئەگەر 2-بالىسى ئون ياشقا توشمىغان بولسا، ئون ياشقا توشقىچە ھەر يىلى بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىلىدۇ. ئەگەر 2-بالىسى ئون ياشتىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بېرىلمەيدۇ. لېكىن گۇۋاھنامە ئارقىلىق بەلگىلەنگەنلىك باشقا مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

2- «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئەر-خوتۇنلار ئەگەردە 3-بالىسىنى تۇغماقچى بولسا، ھامىلدار بولغان ئايدىن باشلاپ گۇۋاھنامە ئارقىلىق بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق تەمىناتلار توختىتىلىدۇ. تۇغۇشتا چەلك تۈرىۋالسا، «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ھەمدە ئېلىپ بولغان بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى تولۇق قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

3- شەھەر-بازار ئاھالىسى ۋە دېھقان-چارۋىچىلارغا گۇۋاھنامە ئالغان ئايدىن باشلاپ ھەر يىلى ناھىيە (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى يىلىغا 30 يۈەندىن بالىسى ئون ياشقا كىرگۈچە بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خى-

راجىتى بېرىلىدۇ. (ئاز سانلىق مىللەت بىلەن خەنزۇغا ئوخشاش).

4- بالىنىڭ يەسلىگە كىرىش، باغچىغا كىرىش، مەكتەپكە كىرىش، داۋالىنىش، جەمئىيەتتە ئالدى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمگەك ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش جەھەتلەردە ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ.

5- ھەر ئىككىلىسى ئىشچى-خىزمەتچى بولغان خەنزۇلارنىڭ يالغۇز پەرزەنتى ئۈچۈن، ھەر ئىككىلىسى ئىشچى-خىزمەتچى بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئالغانلارنىڭ پەرزەنتى يەتتىنچىدە، ئۇنىڭ ياشتىن تۆۋەنلىرى كېسەل بولۇپ قاراشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا ئاتىسى ياكى ئانىسىغا ئوخشاش خىزمىتىنىڭ ئىسپاتى ئارقىلىق ئورۇن رەھبەرلىرى تەستىقلىغاندىن كېيىن، بالىغا قاراش رۇخسىتى بېرىلىدۇ. قاراش رۇخسىتى پۈتۈن يىلدا جەمئىي 45 كۈنگە يەتسە، ئىش ھەققى تولۇق بېرىلىدۇ. رۇخسەت ۋاقتى 46 كۈندىن ئېشىپ ئالتە ئايغا يەتسە، ئىش ھەققىنىڭ 90 پىرسەنتى بېرىلىدۇ. رۇخسەت ۋاقتى ئالتە ئايدىن ئاشقان بولسا، ئىش ھەققى كېسەل رۇخسىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

12-ماددا 1986-يىلى 1-ئايدىن كېيىن ۋە يالغۇز پەر-

زەنتلەر گۇۋاھنامىسى» بىلەن «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغان ئەر-خوتۇنلار ئەگەر ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بالا يۈزى كۆرسە، ھامىلدار بولغان ئايدىن باشلاپ مۇكاپات، ئېتىبار تۇختىتىلىدۇ ھەمدە بېرىلگەن بارلىق ئېتىبار، مۇكاپاتلار قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللارنى ناھىيەدىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىشكە ياكى كەچۈرۈم قىلىشقا بولىدۇ.

13- ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويمىغان ئەر-خوتۇنلارغا چەكلىمە ۋە ئىقتىسادىي جازا بېرىلىدۇ.

1- تويى قىلغاندا بەلگىلىمە بويىچە تىزىملاش رەسمىيەتىنى بېجىرىش زۆرۈر. تويى قىلغاندىن كېيىن پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئۇرۇنلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ھامىلدار بولۇشقا، تۇغۇشقا بولىدۇ. كېچىكىپ تويى قىلىش يېشىغا يەتكەنلەرگە ئالدى بىلەن تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. (قايتا نىكاھلانغانلار بۇنىڭ سىرتىدا)

2- تۆۋەندىكى ئەھۋاللار پىلان سىرتىدا ھامىلدار بولغان-تۇغقان دەپ قارىلىدۇ.

1) نىكاھلانماي تۇرۇپ ھامىلدار بولغانلار.

2) تۇغۇت كۆرسەتكۈچىسىز ھامىلدار بولغانلار.

3) بالا بىلەن بالىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ يىلغا يەتمىگەنلەر.

3- پىلان سىرتىدا ھامىلدارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەر-خوتۇنلارغا تەنقىدى تەربىيە بېرىپ، ھامىلدارلىقنى توختىتىشقا نەسىھەت قىلىش لازىم. تەنقىد تەربىيىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلارغا مەجبۇرىي جازا ياكى ئىقتە-سادىي جازا بېرىلىدۇ.

1) كۆپ پەرزەنت ئىجتىمائىي تەربىيەلەش راسخوتى ئېلىش:

(1) خەنزۇلار ئىچىدە بەلگىلىمىدىن بىر بالا ئاشۇ-رۇپ تۇغقانلارنى ھامىلدار بولغان 7-ئېيىدىن باشلاپ بالا 10 ياشقا كىرگۈچە كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەر-خوتۇن ئىككىلىسىدىن ئايرىم ھالدا ھەر ئايلىق ئومۇمىي ئىش ھەققىنىڭ 10% تى بويىچە بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تۇتۇپ قېلىنىدۇ. تۇتۇپ قېلىش مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر يەنە بىرنى ئاشۇرۇپ تۇغسا، يەنە 5% قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

(2) ئازسانلىق مىللەتلەر بەلگىلىمىدىن بىر بالا ئا-شۇرۇپ تۇغسا، بالا تۇغۇلغان ئايدىن باشلاپ ئۇدا يەتتە يىلغىچە كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئەر-خوتۇن ئىك-كىلىسىدىن ئايرىم ھالدا ھەر ئايلىق ئومۇمىي ئىش ھەق-

قىممىتىنىڭ 10% تى بويىچە يەتتە يىللىقىنى ھېسابلاپ، بىر قې-
تىم ياكى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تۇتۇپ قېلىنىدۇ. تۇتۇپ قېلىش مۇددىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەت-
مەسلىكى كېرەك. ئەگەر يەنە بىرىنى ئاشۇرۇپ تۇغسا، 5 % قوشۇپ پۇل تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

(3) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغسا، بالا تۇغۇلغان ئايدىن باشلاپ بەش يىلغىچە ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا شۇ ئائى-
لىدىكى ئەر-خوتۇننىڭ پۈتۈن يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10% تى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئەگەر يەنە بىر بالىنى ئاشۇ-
رۇپ تۇغسا، يەنە 5% قوشۇپ ئېلىنىدۇ. خەنزۇلار بەلگىلە-
مىدىن ئارتۇق تۇغسا، بالا تۇغۇلغان ئايدىن باشلاپ ئون يىلغىچە يىل ئاخىرىدا شۇ ئائىلىدىكى ئەر-خوتۇننىڭ پۈ-
تۈن يىللىق كىرىمىدىن 10%تى تۇتۇپ قېلىنىدۇ. ئەگەر يە-
نە بىر بالىنى ئارتۇق تۇغسا، يەنە 5% قوشۇپ ئېلىنىدۇ. ئېلىش ئۇسۇلى ۋە مۇناسىۋەتلىك كونكرېت چارىلەرنى ھەر قايسى يېزا-بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرى بې-
كىتسە بولىدۇ.

(4) ۋاقىتلىق ئىشچى، خۇسۇسىي تىجارەتچى ۋە مۇقىم خىزمەت ئورنى يوق نوپۇسى مۇشۇ يەردىكى ئائىلىلەر ئاشۇرۇپ تۇغسا، تۇرۇشلۇق جايدىكى بازارلىق خەلق ھۆ-

كومېتلىرى (ئەمەلدا سالغۇچى ئورۇن ياكى كوچا باشقارمى-
سى) ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدىن 10% تۇتۇپ قالىدۇ.
خەنزۇلارنىڭ ئون يىللىقى، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ، خۇ-
سۇسىي تىجارەتچىلەرنىڭ يەتتە يىللىقى، ۋاقىتلىق ئىشچى،
مۇقىم خىزمەت ئورنى يوقلارنىڭ بەش يىللىقى بىر قې-
تىمدىلا تۇتۇپ قېلىنىدۇ. يەنە بىرنى ئاشۇرۇپ تۇغسا، يەنە
5% قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

(5) باشقا جايلاردىن ئېقىپ كېلىپ تىجارەت بىلەن
شۇغۇللىنىۋاتقانلار بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ بىرنى ئارتۇق
تۇغقان بولسا، ئارتۇق تۇغقان پەرزەنتى ئۈچۈن 4000 يۈەن
راسخوت ئېلىنىدۇ. يەنە بىر بالا ئاشۇرۇپ تۇغسا، 1000
يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچىلاردىن
مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەجبۇرىي ئېلىش لازىم.

2) بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ تۇغقانلار ھامىلدار مەز-
گىلىدىكى تەكشۈرۈش ھەققىنى، تۇغقاندىكى بالنىستتا ياتقان
چىقىمىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. تۇغۇت رۇخسىتىگە ئىش ھەققى
بېرىلمەيدۇ، تۇغۇت رۇخسەت ۋاقتى شەخسىي رۇخسەت قا-
تارىدا ھېسابلىنىدۇ. بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىككى يىل
ئىچىدە مۇكاپاتلانمايدۇ. ئىلغار بولۇپ باھالانمايدۇ.

3) ئەگەر ھامىلدار بولغان، پىلاندىن سىرت ھا-
مىلدار بولغان ۋە تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىلغا توشمىغان-

لارغا ھامىلدارلىقنى توختىتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىش لازىم. ھامىلدارلىقنى توختىتىشنى رەت قىلىپ تۇغۇشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلارغا نىكاھسىز ھامىلدار بولغۇچىلاردىن بىرقې-تىمدىلا 100 يۈەن جەرىمانە ئېلىنىدۇ. خەنزۇلار تۇغۇت كۆرسەتكۈچى يوق پىلاندىن سىرت 2-بالىنى تۇغقان بول-سا، ئازسانلىق مىللەتلەر تۇغۇت كۆرسەتكۈچى يوق ئۈچىن-چى بالىسىنى تۇغقان بولسا، ھامىلدار بولغان 7-ئېيىدىن باشلاپ ئىككىنچى (ئۈچىنچى) بالىسى ئىككى ياشقا توش-قىچە كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسى-دىن ئايرىم ھالدا ھەر ئايلىق ئومۇمىي ئىش ھەققى سوم-مىسىنىڭ 10% تى بىر قېتىمدىلا تۇتۇپ قېلىنىدۇ. تۇغۇت ئارىلىقى ئۈچ يىلغا توشمىغان بولسا، ھامىلدار بولغان 7-ئېيىدىن باشلاپ ئىككى بالا ئارىلىقى ئۈچ يىلغا توشقى-چە كادىر، ئىشچى-خىزمەتچى ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىلىسى-دىن ئايرىم ھالدا ھەر ئايلىق ئومۇمىي ئىش ھەققى سوم-مىسىنىڭ 10% تى بىر قېتىمدىلا تۇتۇپ قېلىنىدۇ. يۇقى-رىقى ئۈچ خىل ئەھۋال يېزا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ يىل ئاخىرىقى كىرىمىدىن بىر يولى تەڭ نىسبەتتە پۇل تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

كونكرېتنى ئۇسۇلنى ھەر قايسى يېزا-بازارلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۆزلىرى بېكىتسە بولىدۇ.

4) پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى باھالاشنىڭ مۇھىم شەرتى قىلىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى فاڭجېن، سىياسەت ۋە بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلماي بەلگىلىمىدىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئورۇنلاردا رەھبەرلىكنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. شۇ ئورۇننىڭ ئىلگىرى يىلىغىچە ئىلغار بولۇپ باھالىنىشىغا بولمايدۇ. ئالاقىدار شەخسلەردىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە يۈز خاتىرە قىلىپ، ۋە كۆز يۇمچىلىق قىلىپ پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلار جىددىي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

5) ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن ئېلىنىدىغان خىراجەتنى ھەر قايسى يېزا-بازار ۋە ئىدارىلەر ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ يىغىپ، 20% تىنى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىغا بىر تۇتاش ئىگىلەپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش كېرەك. 80% تىنى شۇ يېزا-بازار، ئىدارىلەر ئېلىپ قېلىپ پىلانلىق تۇغۇت ئىشلىرىغا ئىشلىتىش كېرەك. باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

### 3. تەشۋىقى تەربىيە، ھامىلدار بولۇشتىن ساقلىنىش ۋە تۇغۇت چەكلەش

**14-ماددا** تەشۋىقى تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىش-

لەش ـ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، ئاز ـ
سانلىق مىللەت ئىچىدە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتە ـ
كى تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ نۇقتىسىنى يېزىلارغا قارىتىش
لازىم. نۆۋەتتىكى تەشۋىقات مەزمۇنىدا ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق كومىتېتىنىڭ (1988) 56 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت روھىنى
دەرىجىمۇ دەرىجە پۈتۈن كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە
شەھەر، يېزىلاردىكى ئاممىغا يەتكۈزۈپ، ھەربىر ئائىلىنى
خەۋەردار قىلىش زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىلان ـ
لىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش، دۆلەتنىڭ غېمىنى يېيىش،
جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۆز مىللىتى ـ
مىزنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئۆتەشكە تېگىشلىك
بولغان شەرەپلىك مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش،
سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش بالىلىرىنى،
كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ تۇغۇشنىڭ پايدىسىنى،
يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا توي قىلىشنىڭ زىيىنىنى تەش ـ
ۋىق قىلىش لازىم. ھەرقايسى ناھىيە (شەھەرلىك) پىلانلىق
تۇغۇت كومىتېتلىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم تەشۋىقات پائا ـ
لىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. دائىرە جەھەتتە شە ـ
ھەر ـ يېزىلاردا چەكلەنمەيدۇ. ھەرقايسى زاۋۇت، كان ـ كار ـ
خانىلار، ئورگانلار، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار
تام گېزىتى، قارا تاختاي گېزىتى ئار ـ

قىلىق تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش لازىم. تەشۋىقاتنى ياخشى ئىشلەش ناھىيە (شەھەر)، ئورۇنلار تەقدىرلىنىش ۋە ماددىي جەھەتتە مۇكاپاتلىنىش لازىم.

**15-ماددا** ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر، لىك) پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرى پىلان بويىچە ھەر خىل ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا-سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش، تۇغۇتنى چەكلەش تېخنىكا مۇلازىمىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىش، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش كارتوچكىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، دورا-سايمانلار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. سىرتتىن خىزمەتكە كەلگەن، ئېقىپ كەلگەنلەرگە دورا-سايمانلارنى پارچە سېتىش ئورنىدىن تەمىنلەپ بېرىدۇ.

**16-ماددا** دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيە ھەققىنى ھەمدە ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى كېسەللەرنىڭ داۋالاش خىراجەتلىرىنى «دۆلەت خىراجىتىدىن داۋالىنىش راسخوتى» ئىچىدىن چىقىم قىلىدۇ. شەھەر ئاھالىلىرى ۋە دېھقان-چارۋىچىلار پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرسا، ئۇلارنىڭ نومۇر پۇلى، لابوراتنلىق تەكشۈرۈش پۇلى، ئوپېراتسىيە پۇلى، دورا پۇلى، ياتاق پۇلى، ئوپېراتسىيەدىن كېيىنكى داۋالىنىش پۇلى قاتارلىقلار پىلانلىق تۇغۇت راسخوتى ئىچىدىن چىقىم

قىلىنىدۇ.

**4. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش**

**17**-ماددىدا 1000 دىن ئارتۇق نوپۇسى بار ئورۇنلار مۇناسىپ ھالدا پىلانلىق تۇغۇت ئاپپاراتىنى قۇرۇشى، 500 دىن ئارتۇق نوپۇسى بار ئورۇنلار پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئادەم تۇرغۇزۇش، 500 دىن تۆۋەن نوپۇسى بار ئورۇنلار پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قوشۇمچە ئىشلەيدىغان خادىمنى تۇرغۇزۇپ، مەزكۇر ئورۇننىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇشى لازىم.

ھەربىر يېزا-بازار، كەنتلەر تۆت دەرىجىلىك ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)، كەنت، ئائىلە پىلانلىق تۇغۇت توختامى تۈزۈپ چىقىش، ھەرقايسى ئىدارىلەر ئىككى دەرىجىلىك (ئىدارە بىلەن ئائىلە) پىلانلىق تۇغۇت توختامى تۈزۈپ چىقىشى، ھەر يىلى پىلان بويىچە تۇغۇت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ھەر تۈرلۈك ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى ۋاقتىدا تولدۇرۇپ يوللاپ، مۇكاپاتلاش بىلەن جازالاش چارىسىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ئۆز تارماقلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 5. قوشۇمچە پرىنسىپ

**18-ماددا** ۋاقىتلىق بەلگىلىمە 1988-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. مۇكاپاتلاش-جازالاش 1989-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ. ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قىسىم ناھىيە (شەھەر)، يېزا (بازار)لار، ئىدارىلار، زاۋۇت، كان-كارخانىلار دۆلەتنىڭ ئاساسلىق قانۇنى ۋە جايلاردىكى كادىر، ئاممىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق قۇرۇلتىيى، پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ماقۇللىغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يەرلىك بەلگىلىمىلىرى ياكى مەمۇرىي بەلگىلىمىلىرىنى سىياسەتنىڭ ئىزچىللىقىنى ئويلاشقان ھالدا مۇكاپاتلاشنى يەرلىك بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىپ، جازالاش بەلگىلىمىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكمۇ-يوق؟ بۇنى يەرلىك ئورۇنلار بۇندىن كېيىنكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان پايدا-زىيىنىنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، ئاندىن بەلگىلىمە بولىدۇ؛ ئەمما مۇكاپاتلاش-جازالاش سوممىسى مەزكۇر بەلگىلىمىدە بەلگىلەنگەن سومما بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

**19-ماددا** مەزكۇر قوشۇمچە بەلگىلىمىنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىللەپ يولغا قويـ-

دۇ. يولغا قويۇش جەريانىدا ئەگەر يېڭى مەسىلە كۆرۈلسە، ۋاقتىدا ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا مەلۇم قىلىشى لازىم.

20-ماددا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە يولغا قويۇلىدىغان مۇكاپات-جازا 1989-يىلى 5-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

**1989-يىلى 10-ئاينىڭ 4-كۈنى**

# ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك كومى- تېتى تەشكىلات بۆلۈم ھۆججىتى

خ پ ت (1991) 36-نومۇرلۇق

مەخپىيەتلىك مۇددىتى ئۈچ ئاي

## كادىرلار خىزمىتىدە پىلانلىق تۇغۇت خىز- مىتىگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرىگە:

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك تۈپ دۆلەت سىياسىتى بولۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى- نى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشىنى قات- تىق تىزگىنلەش ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى مەركەز، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پى- لانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە ئائىت بىر قاتار مۇھىم يول- يورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ج ك پ خوتەن ۋىلا- يەتلىك كومىتېتى، خوتەن ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە- سىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، نوپۇسنىڭ ئۆسۈشىنى قاتتىق تىزگىنلەشكە ئائىت بىر قاتار يوليور-

رۇق زە قارارلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتەك تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، تىركىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە ئۇقتۇرىمىز:

1. تەشكىلات تارماقلىرى رەھبەرلىك بەنزە ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى سىناپ تەكشۈرگەندە، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ۋە نوپۇسنى تىزگىنلەش، پىلاننىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن ۋە كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى تۇتۇشتا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلارنى ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ئالدىن ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە ناچار بولغان ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ نۇقتىلىق باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈلگەن ئورۇنلاردىكى پاسسىپ ھالىتىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارنى ئادەتتە ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

2. زاپاس كادىرلارنى تاللاش خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى يولغا قويۇش ۋە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش

لازىم. ئىپادىسى ياخشى بولمىغانلىرىنى زاپاس كادىرلار تىزىملىكىگە كىرگۈزمەسلىك. زاپاس كادىرلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈپ بولغانلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىرىۋېتىش لازىم.

3. رەھبەرلىك بەنزە ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە مۇنەۋۋەر ۋە ئىلغارلارنى باھالاش خىزمىتىدە «بىر ئاۋازنىلىق رەت قىلىش ھوقۇقى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. پارتكوملار، پارتىيە گۇرۇپپىلىرى، باش ياچېيكا ياكى ياچېيكىلار گەرچە باشقا تۈزۈلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغان بولسىمۇ، نوپۇس پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىمىغان بولسا، بىردەك ئىلغار باھالانمايدىغانلىقى، باھالىنىپ بولغانلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى لازىم.

4. ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغۇچىلارغا قارىتا، ش.ھ (1988) 56- نومۇرلۇق ۋە خ م (1989) 71- نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ بەلگىلىمىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. يېزا - بۆلۈم دەرىجىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار بىر ئارتۇق پەرزەنتلىك بولسا، ھۆججەتتىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بەرگەندىن باشقا، يەنە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش لازىم. ئادەتتىكى كادىرلار (ئىشچىلار) بىر ئارتۇق پەرزەنتلىك بولسا، ھۆججەتكە ئاساسەن جەرىمانە قويغاندىن باشقا، بەش يىلغىچە ئىلغار سايلىنىش، كادىر-

لىققا ئۈستۈرۈش، ماداش تەڭشەش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىگە قوبۇل قىلماسلىق لازىم. پارتىيە ئەزاسى بولسا، پارتىيە ئىچىدە جازا بېرىش، قىلمىشى ئېغىر بولغانلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكىنى ئېلىپ تاشلاش لازىم.

٥. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىر خىل سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، قىيىنچىلىق دەرىجىسى چوڭ خىزمەت بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قوللىشى، غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. ئارتۇق پەرزەنت كۆرگۈچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ قانات ئاستىغا ئالغان، پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا توسالغۇلۇق قىلغۇچىلارغا قارىتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن قاتتىق مۇئامىلە قىلىش لازىم. ھېسداشلىق قىلىپ قانات ئاستىغا ئالغۇچىلار ئۆزىنى تەكشۈرۈش، پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىغانلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ تەنقىد قىلىش لازىم. داۋاملىق ھالدا ھېسداشلىق قىلىپ قانات ئاستىغا ئېلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ھەتتا پارتىيىۋىلىكىنى ئېلىپ تاشلاش، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ھۆكۈمەت خادىملىقىدىن قالدۇرۇش لازىم.

6. ناھىيە (شەھەر)لىك تەشكىلات تارماقلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللىشى. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش، تولۇقلاش ۋاقتىدا قاتتىق سىناپ تەكشۈرۈپ تاللاپ ئۆستۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىشى لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي خادىملارغا قارىتا شەرتنى قاتتىق قويۇپ تاللاش لازىم. سىياسىي، خىزمەت، تۇرمۇش جەھەتتىن ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش لازىم. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك بىلەن خىزمەت ئىشلىشىنى قوللاش لازىم. پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

7. ناھىيە (شەھەر)لىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈملىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى تارماقلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىدىن كادىرلارنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ئۇقۇپ تۇرۇشى، پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگۈچىلەر سېزىلسە، يۇقىرىقى شەرتلەر بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى، مۇشۇ ئۇقتۇرۇش بويىچە ئىجرا قىلمىغانلارنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە رىۋىزىيە تارماقلىرى مەسئۇل

بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم؛

ج ك پ خوتەن ۋىلايەتلىك تەشكىلات بۆلۈمى

1991-يىلى 10-ئاينىڭ 23-كۈنى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە، ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا يوللاندى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پەرمانى

**28-نومۇرلۇق**

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» 1991-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي كېڭىشىنىڭ 129-سانلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى، بۇنى ئېلان قىلدۇق، 1992-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلسۇن.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى

**تۆمۈر داۋامەت**

1992-يىل 4-ئاينىڭ 7-كۈنى

## بىرىنچى باب. ئومۇمىي پرىنسىپ

**1-ماددا** بۇ چارە، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى پىلانلىق تىزگىنلەپ، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ماسلاشتۇ-

رۇش ئۈچۈن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزاملىرىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەش-تۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

2-ماددا ھەرمىللەت پۇقرالىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش مەجبۇرىيىتى بار. ھەرمىللەت پۇقرالىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇش قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ھەرقانداق تەشكىلات ۋەشەخ-سىيلەرنىڭ قانۇنسىز ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

3-ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇشتا تەشۋىق-تەربىيە زوركۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، تېخنىكا مۇلازى-مىتى بىلەن پائال تەمىن ئېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىت-تا، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر قانۇن بويىچە قوللىنىلىدۇ.

4-ماددا كېچىكىپ نىكاھلىنىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش تەشەببۇس قىلىنىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا رىغبەت-لەندۈرۈلىدۇ، ئاز ھەم ساز تۇغۇش، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش يولغا قويۇلىدۇ. پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ.

5-ماددا ھەردەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نۇپۇس

پىلاننى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈپ، نوپۇس ۋە پىلانلىق تۇغۇتنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى كېرەك.

6-ماددا بارلىق تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەر پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى قوللىشى كېرەك. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم.

پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرى قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزىدۇ، قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

7-ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئورۇن ياكى شەخسلەرنى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

8-ماددا بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە دائىمىي تۇرۇشلۇق، ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق ھەر مىللەت پۇقرالارغا باب كېلىدۇ.

## ئىككىنچى باب. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

9-ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەت-

لىرىدە پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى تەسىس قىلىنىدۇ. بۇ كومىتېت ئۆز جايىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باشقۇرىدۇ.

**10-ماددا** يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى، شەھەرلەرنىڭ مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىدۇ ھەمدە مەخسۇس خادىم سەپلىنىدۇ. ئۇلار پىلانلىق تۇغۇتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**11-ماددا** كەنت ئاھالە كومىتېتى، ئاھالە كومىتېتلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ. ئۇلار يېزا (بازار)- لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى شەھەرلەردىكى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ.

كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى ۋە ئاھالە گۇرۇپپىلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت بويىچە تەشۋىقات، تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتچىسى بولىدۇ.

**12-ماددا** دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئېھتىياجغا ئاساسەن پىلانلىق تۇغۇت ئاپپاراتى قۇرۇلىدۇ ياكى پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى مەخسۇس (قوشۇمچە) ئىشلەيدىغان خىزمەتچىلەر سەپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز تارمىقىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە مەسئۇل

بولىدۇ.

13-ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىدا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق - تەربىيە، خادىم تەربىيىلەش، سۈپەتلىك تۇغۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش، تېخنىكا جەھەتتىن مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

يېزا (بازار)لاردىكى شىپاخانىلاردا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنىدۇ. شارائىتى بار يەرلەردە ئۆز ئالدىغا پىلانلىق تۇغۇت مۇلازىمەت ئىشخانىلىرى تەسىس قىلىنسا بولىدۇ. بۇ مۇلازىمەت ئىشخانىلىرى تۇغۇت يېشىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

14-ماددا ناھىيىدىن يۇقىرى مەمۇرىي رايونلاردا پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گۇرۇپپىسى قۇرۇلىدۇ. بۇ گۇرۇپپا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئەگەشمە كېسەللىكلەر، تۇغماسلىق كېسەللىكى ۋە تۇغۇلغان كېسەل، مېيىپ بالىلار توغرىسىدا تېخنىكىلىق باھالاش ئېلىپ بارىدۇ. باھالاش نەتىجىسىگە قايىل بولمىغانلار بىر دەرىجە يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق

باھالاش گورۇپپىسىغا قايتا باھالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، ئىككىنچى قېتىملىق باھالاش ئاخىرقى بېكىتىش بولىدۇ.

## ئۈچىنچى باب. تۇغۇتقا چەك قويۇش

**15-ماددا** قانۇندا بەلگىلەنگەن نىكاھلىنىش يېشىدىن ئۈچ يىل كېچىكىپ، يەنى خەنزۇ پۇقرالاردىن ئوغۇللار 25 ياشتا، قىزلار 23ياشتا، ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالاردىن ئوغۇللار 23ياشتا، قىزلار 21ياشتا توي قىلسا كېچىكىپ نىكاھلانغان ھېسابلىنىدۇ. كېچىكىپ نىكاھلىنىش يېشىغا توشۇپ توي قىلغان ئاياللار پىلان بويىچە پەرزەنت كۆرسە، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن ھېسابلىنىدۇ.

**16-ماددا** شەھەر - بازارلاردىكى خەنزۇ ئائىلىلەردىن بىر ئەر-خوتۇننىڭ بىرلا پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىلىرىدىن بىر ئەر-خوتۇننىڭ ئىككى پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئەر-خوتۇنلار ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ:

1) ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گورۇپپىسىنىڭ باھالىشى بىلەن

خەنزۇ ئەر ـ خوتۇنلار كۆرگەن بىرىنچى پەرزەنت، ئاز سانلىق مىللەت ئەر ـ خوتۇنلار كۆرگەن بىرىنچى ياكى ئىككىنچى پەرزەنت غەيرىي ئىرسىيەت خاراكتېرلىك مېيىپ بولۇپ، نورمال ئەمگەك كۈچى بولۇپ يېتىلەلمەيدىغانلىقى بېكىتىلگەنلەر؛

2) قايتا نىكاھلانغان خەنزۇ ئەر ـ خوتۇنلار ئىچىدە بىرلا پەرزەنتى بولغانلار، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان قايتا نىكاھلانغان ئەر ـ خوتۇنلار ئىچىدە ئىككىلا پەرزەنتى بولغانلار؛

3) ئەر ياكى خوتۇن قۇدۇق ئاستىدا مەشغۇلات ئېلىپ بارغىنىغا بەش يىلدىن ئاشقان، ھازىرمۇ قۇدۇق ئاستى مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار؛

4) ئەرمۇ، خوتۇنمۇ يالغۇز پەرزەنت بولغانلار؛

5) ئەر ياكى خوتۇن ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ يالغۇز پەرزەنتى بولغانلار، ئىككىنچى A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مېيىپ بولغان ھەربىيلەر ۋە خىزمەت سەۋەبى ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسە تۈپەيلىدىن ئىككىنچى دەرىجىدە مېيىپ بولغانلار؛

6) جۇڭگو مۇھاجىرى بولۇپ، ۋەتەنگە قايتقىنىغا ئالتە يىل توشمىغانلار ياكى ئەر، خوتۇنىنىڭ بىرسى يەنىلا چەتئەلدە تۇرۇۋاتقانلار.

17-ماددا خەنزۇ دېھقان، چارۋىچىلاردىن بىر ئەر ـ خو-

تۇنىنىڭ ئىككى پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت دېھقان-چارۋىچىلاردىن بىر ئەر-خوتۇنىنىڭ ئۈچ پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ بىرسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان دېھقان-چارۋىچى ئەر-خوتۇنلار ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ:

1) خەنزۇ ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئىككى پەرزەنتى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئەر-خوتۇنلارنىڭ ئۈچ پەرزەنتى ئىچىدە، غەيرى ئىرسىيەت خاراكتېرلىك مېيىپ بولغىنى بولۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن نورمال ئەمگەك كۈچى بولۇپ يېتىلەلمەيدىغانلىقى بېكىتىلگەنلەر؛

2) ئاز سانلىق مىللەت ئەر-خوتۇنلاردىن قىزلا بولۇپ، ئوغلى بولمىغانلار؛

3) قايتا نىكاھلانغان خەنزۇ ئەر-خوتۇنلار ئىچىدە ئىككىلا پەرزەنتى بولغانلار، قايتا نىكاھلانغان ئاز سانلىق مىللەت ئەر-خوتۇنلار ئىچىدە ئۈچلا پەرزەنتى بولغانلار.

**18-ماددا** چىمەنسار، گۇچۇڭ، فۇكاڭ، مىچۈەن، قۇتۇبى، ماناس، ئۈرۈمچى ناھىيىسى ۋە سانجى شەھىرىدىكى خەنزۇ

دېھقان ۋە چارۋىچىلاردىن بىرىنچى پەرزەنتى قىز بولغان ئەر - خوتۇننىڭ يەنە بىر پەرزەنت كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلىنغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنىڭ بىرلا پەرزەنتلىك بولۇشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**19-ماددا** تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىن بىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلار ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن يەنە بىر پەرزەنت كۆرسە بولىدۇ:

1) پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ، جۆرىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەردىن تۇنجى قېتىم نىكاھلانغۇچىلار (يەنى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگۈچىلەر) بىلەن توي قىلغانلار؛

2) توي قىلىپ بەش يىلغىچە ھامىلدار بولمىغان، پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گۇرۇپپىسى تۇغماس كېسەل دەپ بېكىتكەن، قانۇن بويىچە بىر پەرزەنت بېقىۋالغاندىن كېيىن ھامىلدار بولۇپ قالغانلار؛

3) پىلان ئىچىدە تۇغۇلغان پەرزەنتى ئۆلۈپ كەتكەنلەر.

**20-ماددا** ئەر ياكى خوتۇننىڭ ئاز سانلىق مىللەت بولغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈشىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىنىدۇ.

**21-ماددا** ئەر - خوتۇننىڭ بىرى شەھەر نوپۇسىدا، يەنە بىرى يېزا نوپۇسىدا

بولغان ياكى ئەر بىلەن خوتۇنىنىڭ نوپۇسى بىر يەردە بولمىغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش سانى ئائىلىنىڭ نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ.

22-ماددا قوشكېزەك تۇغقان ياكى كۆپ كېزەك تۇغقان ئەر-خوتۇنلارنىڭ پەرزەنت سانى مەزكۇر چاردە بەلگىلەنگەن پىلانلىق تۇغۇت سانىغا يەتكەن بولسا، يەنە پەرزەنتلىك بولۇشقا بولمايدۇ.

23-ماددا ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق خادىملار نوپۇسى بار جاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەك. پەرزەنتلىك بولۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلگەن ئەر-خوتۇنلار نوپۇسى تۇرۇشلۇق جايغا ئىلتىماس قىلىپ تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالغان ھەمدە ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت ئارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدۇ.

24-ماددا مۇشۇ چارە بويىچە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشكە بولىدىغانلارنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارىلىقى ئۈچ يىلدىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

## ئۈچىنچى باب. تۇغۇتنى باشقۇرۇش

25-ماددا پىلانلىق تۇغۇتتا كۆرسەتكۈچ بىلەن باشقۇرۇش ۋە توختام بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ.

پەرزەنتلىك بولۇش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلەر نو-
پۇسى تۇرۇشلۇق جايدىكى پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىغا ئىلتىماس قىلىپ، «تۇغۇش كىنىشكىسى» نى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن تۇغۇشقا بولىدۇ.

**26-ماددا** «تۇغۇش كىنىشكىسى»نى ناھىيە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، يېزا (بازار) لىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى ياكى شەھەرلەردىكى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى تارقىتىدۇ، يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ تارقىتىلىدۇ.

«تۇغۇش كىنىشكىسى»نى تەكشۈرۈپ تارقىتىشتا، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش يېشىغا توشۇپ توي قىلغان ئاياللارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىلىدۇ.

**27-ماددا** توي قىلىدىغان ھەرمىللەت پۇقرالار توي قىلىشتىن ئىلگىرى سالامەتلىكىنى تەكشۈرتىشى، توي قىلىش ۋە پەرزەنت كۆرۈشتە سۈپەتلىك تۇغۇش ھەققىدىكى يېتەكچىلىكنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

**28-ماددا** ناھىيەدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن تىببىي پەندە پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ دەپ قارالغان، ئېرسىيەت كېسەللىكى بارلىقى ئېنىقلانغان ئەر-خوتۇنلار پەرزەنت كۆرۈشكە بولمايدۇ؛ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ

جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان كې-
سەللەرگە گىرىپتار بولغان ئەر - خوتۇنلار داۋالىنىپ
ساقىيىشتىن ئىلگىرى پەرزەنت كۆرسە بولمايدۇ.

**29-ماددا** پەرزەنت كۆرۈش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغانلىقى ئەر - خوتۇنلار تۇغۇتتا چەك قويۇشنىڭ يېتەك-
چىلىكىنى ئۆزلۈكىدىن قوبۇل قىلىپ، ھامىلدارلىقتىن ساق-
لىنىش، تۇغۇتقا چەك قويۇش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈشى كېرەك.

پەرزەنتنىڭ سانى پىلانلىق تۇغۇت ھەققىدىكى بەل-
گىلىمىدە بەلگىلەنگەن سانغا يەتكەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ
بىرسى ئۇزاق مۇددەت ئۈنۈم بېرىدىغان
ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرىنى ياكى تۇغۇتنى توخ-
تىتىش تەدبىرىنى قوللىنىشى لازىم. پىلاندىن سىرت ھامىل-
دار بولۇپ قالغانلار ئەسلى ھالىغا كەلتۈرۈش تەدبىرىنى
ۋاقتىدا قوللىنىشى لازىم.

**30-ماددا** ھەر دەرىجىلىك داۋالاش، سەھىيە، پىلانلىق
تۇغۇت كەسپىي ئورۇنلىرى پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيەسى
قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. تۇغۇتنى چەكلەش ئو-
پېراتسىيەسىنى ئىشلىگۈچى ئورۇنلار مۇناسىپ ئوپېراتسىيە
قىلىش شەرتىنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. تۇغۇتنى چەك-
لەش ئوپېراتسىيەسىنى ، تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسى

بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالغان تېببىي خادىملار تەستىقلانغان ئوپېراتسىيە قىلىش دائىرىسىدە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئىشلىشى كېرەك.

يەككە تىجارەت بىلەن دوختۇرلۇق قىلىۋاتقانلار چەزمەن تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيىسى بويىچە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالغان ھەمدە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سەھىيە مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلار تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيىلىرىنى ئىشلىسە بولىدۇ.

31-ماددا ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىرسىيەت كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇشتا ئېھتىياجلىق بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەرقانداق ئورۇننىڭ ياكى شەخسنىڭ ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئايرىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

32-ماددا ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكىلىق باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ بېكىتىشى ئارقىلىق ھەقىقەتەن تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيىسى سەۋەبىدىن ئەگەشمە كېسەللىكلەر كېلىپ چىققانلىقى ئېنىقلانسا، ئوپېراتسىيە قىلغۇچى ئورۇن ياكى كۆرسىتىلگەن داۋالاش ئورنى داۋالاشقا مەسئۇل بولىدۇ. داۋالاش مەزگىلىدە دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، مۇكاپات

سوممىسى تولۇق بېرىلىدۇ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق تۇغۇلغانلارغا شۇ كىشى تۇرۇشلۇق ئورۇن قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ. دېھقان ـ چارۋىچىلارغا ئاھىيىلىك، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمەتلىرى لايىقىدا قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ؛ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىگە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى لايىقىدا قۇتقۇزۇش بېرىدۇ.

تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسىدىكى ھادىسىلەر «داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى تەپسىلىي قائىدە» بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

33-ماددا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى دۆلەتنىڭ «تۇراقسىز ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش چارىسى» ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت، ج خ، سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە تۇراقسىز ئائىلىلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. تۇراقسىز خادىملارنى ئىشقا سالغان ئورۇنلار ۋە تۇراقسىز خادىملارنى قوندۇرغان ئۆي

ئىگىلىرى بېرەلىگەنگە ـ ياتاق ئىگىلىرىنىڭ پىلانلىق تۇغۇتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش مەجبۇرىيىتى بار.

## بەشىنچى باب ئېتىبار بېرىش ۋە مۇكاپاتلاش

34-ماددا كېچىكىپ توي قىلغان تۇنجى نىكاھلانغۇچى ياشلارنىڭ توي قىلىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەن بىر يىلىغا ئۈچ كۈندىن تويلۇق دەم ئېلىش رۇخسىتى بېرىلىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 15 كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ تويلۇق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى، مۇكاپات سوممىسى تولۇق بېرىلىدۇ؛ دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىچىدىكى كېچىكىپ توي قىلغان ياشلارنىڭ خالىس ئەمگەك كۈنى ئەھۋالغا قاراپ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ ھەمدە ئۆي-جاي يېرى ئالدى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

35-ماددا بىرىنچى بالىسىنى كېچىكىپ تۇغقان ئاياللارغا تۇغۇت مەزگىلىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىغا 15 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ تۇغۇت دەم ئېلىشى مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى، مۇكاپات سوممىسى تولۇق بېرىلىدۇ، بىرىنچى بالىسىنى كېچىكىپ تۇغقان دېھقان-چارۋىچى ئاياللارنىڭ بىر يىللىق خالىس ئەمگەك كۈنى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

36-ماددا ئەر-خوتۇنلاردىن ئۆمرىدە بىرلا پەرزەنتلىك بولغانلار، يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا-ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئاز سانلىق

مىللەت ئەر - خوتۇنلاردىن ئۆمرىدە ئىككىلا پەرزەنتلىك بولغانلار «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئىككى گۇۋاھنامە» دەپ ئاتىلىدۇ). «ئىككى گۇۋاھنامە»نى ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى بېرىدۇ.

37-ماددا پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويغان ئەر - خوتۇنلار «ئىككى گۇۋاھنامە»نى ئاساس قىلىپ، تۆۋەندىكى ئېتىبارلىق مۇكاپاتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1) «يالغۇز پەرزەنتلىك ئاتا-ئانىلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغانلار گۇۋاھنامە ئالغان ئېيىدىن باشلاپ يالغۇز پەرزەنتى 14 ياشقا توشقۇچە ئېيىغا ئون يۈەن مۇكاپات پۇلى ئالىدۇ. «پىلانلىق تۇغۇت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالغانلار، مەيلى بىر پەرزەنت كۆرسۇن ياكى ئىككى پەرزەنت كۆرسۇن، گۇۋاھنامە ئالغان ئېيىدىن باشلاپ ئېيىغا ئون يۈەن مۇكاپات پۇلى ئالىدۇ. ھەممىسى قوشقاندا 14 يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ گۇۋاھنامە ئالغان چاغدا ئىككى پەرزەنتلىك بولۇپ بولغانلار ئىككىنچى پەرزەنتى 14 ياشقا توشقۇچە مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

2) تۇغۇت دەم ئېلىشى مەزگىلىدە «ئىككى گۇۋاھنامە»نىڭ بىرىنى ئالغانلارنىڭ تۇغۇت دەم ئېلىشىغا 15 كۈن قوشۇپ بېرىلىدۇ، ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

3) يېشى 18 گە توشمىغان پەرزەنتلىرى كېسەل بولۇپ قالسا، ئەر ياكى خوتۇنى كېسەل ئىسپاتى ئارقىلىق، كېسەللىك قاراش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. كېسەل قاراش رۇخسىتى بىر يىل ئىچىدە، 45 كۈندىن ئېشىپ كەتمىسە، ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ؛ 45 كۈندىن ئېشىپ كەتكەن، يېرىم يىلدىن ئاشمىغان بولسا ئىش ھەققىنىڭ 90 پىرسەنتى بېرىلىدۇ؛ يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتسە كېسەل رۇخسىتى بويىچە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ياكى ئەمگەك سۇغۇرتا ئىش ھەققى بېرىلىدۇ.

4) ئەر-خوتۇن پېنسىيىگە چىققاندا ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ بەش پىرسەنتى بويىچە پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ.

5) پەرزەنتلەر يەسلىگە كىرگەندە، داۋالانغاندا، مەكتەپكە كىرگەندە، ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنغاندا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان چاغدا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئوخشاش شەرت ئاستىدا ئالدى بىلەن ئېتىبار بېرىدۇ.

6) دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بېرىشتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەبلىغى ۋە ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى بېرىشتە ئالدى بىلەن ئېتىبار بېرىلىدۇ.

38-ماددا توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئەر-خوتۇنلاردىن بەلگىلىمە بويىچە ئىككىدىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۆزى تۇغۇشتىن ۋاز كەچكەنلەرنى تۆۋ

ئىدارىسى ياكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى تەقدىرلەيدۇ ۋە مۇكاپاتلايدۇ.

39-ماددا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلارغا بەلگىلىمە بويىچە دەم ئېلىش بېرىلىدۇ، دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ؛ بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلارنىڭ تورۇبىسى پەقەت كۆزىتىپ قاراش رۇخسەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، قاراش رۇخسىتى بېرىلگەن مەزگىلدىكى ئىش ھەققى، مۇكاپات پۇلى تولۇق بېرىلىدۇ.

دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى خىراجىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا دۆلەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ۋە ئەمگەك سۇغۇرتىسى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ شەھەر (بازار) ئاھالىلىرىنىڭ، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى خىراجىتى پىلانلىق تۇغۇت كەسپىي خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ.

40-ماددا ئۆمرىدە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن، بالىسى بېقىۋالمىغان ئەر-خوتۇنلار پېنسىيىگە چىققاندا ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ 10 پىرسەنتى بويىچە پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بېرىلىدۇ. دېھقان - چارۋىچى بولسا «بەشتە كاپالەتلىك قىلىش»تىن ئالدى بىلەن بەھرىمەن بولىدۇ.

41-ماددا دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات پۇلىنى ئەر - خوتۇننىڭ ئىدارىلىرى 50% تىن ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەر ياكى خوتۇننىڭ مۇقىم ئىش ئورنى بولمىسا، مۇقىم ئىش ئورنى بار تەرەپنىڭ ئىدارىسى ھەممىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دېھقان-چارۋىچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ چىقىم قىلىش مەنبەسىنى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەلگىلەيدۇ؛ شەھەر ئاھالىلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلىنى مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىدىن چىقىم قىلىدۇ.

ئەرمۇ، خوتۇنمۇ يەككە سودا-سانائەتچى ياكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ خوجايىنى بولغانلاردىن ئېلىنىدىغان ئايلىق سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىنى سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارمىقى ئون يۈەن كېمەيتىپ ئالىدۇ؛ يەككە سودا-سانائەتچى ياكى خۇسۇسىي كارخانىلاردا ياللانغانلارنىڭ مۇكاپات پۇلىنى ياللاپ ئىشلەتكۈچى تەرەپ بېرىدۇ. مۇكاپات پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇش مۇددىتى مۇشۇ چارىنىڭ 37 - ماددىسىنىڭ 1- تارماقىدىكى بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ.

## ئالتىنچى باب. چەكلەش ۋە جازالاش

42-ماددا پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولۇپ، تەربىيە بېرىلگەن بولسىمۇ ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە ئۇنىمىغانلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە تاكى ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەنگە قەدەر، ھەر

ئايدا 50 يۈەندىن جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئوپېراتسىيە خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەيدۇ. ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن جەرىمانە ئېلىنغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ ھامىلدار بولغانلارغا قويۇلغان جەرىمانە پۇلنى شۇلارنىڭ ۋەسىيلىرى تۆلەيدۇ.

**43-ماددا** توي قىلغاندىن كېيىن «تۇغۇش كىنىشكىسى» ئالماي تۇرۇپ تۇغقانلار تۇغۇت خىراجىتىنى ئۆزى تۆلەيدۇ، ھەمدە ئۇلارغا بىر قېتىم 50 يۈەندىن 200 يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ.

**44-ماددا** ئەر- خوتۇن پىلاندىن سىرت بىر بالىنى تۇغقانلاردىن تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ئېلىنىدۇ:

1) دۆلەت ئىشچى- خىزمەتچىلىرىدىن 3000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگىچە؛

2) شەھەر ئاھالىلىرىدىن 1000 يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە؛

3) دېھقان- چارۋىچىلاردىن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر) لەردىكى دېھقان- چارۋىچىلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ بىر ھەسسىدىن سەككىز ھەسسىگىچە؛

4) ۋاقىتلىق تۇرۇشلۇق كىشىلەردىن 5000 يۈەندىن 20 مىڭ يۈەنگىچە.

پىلاندىن ئىككىنى ئارتۇق تۇغقان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق

دائىرىلەردىن يۇقىرىقى بەلگىلىمە بويىچە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرۈش ھەققى ھېسابلاپ قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى بىرلا قېتىمدا ئېلىنىدۇ، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىق بولۇپ، ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ، يىغىۋالغۇچى ئورۇن تەستىقلىسا، ئۈچ يىل ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولسىمۇ بولىدۇ.

پىلاندىن ئارتۇق تۇغقان پەرزەنتى يەتتە ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

45-ماددا پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغان بولۇپ، ھېلىھەم تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللانمىغان يەككە سودا - سانائەتچىلەردىن پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ئېلىنغاندىن باشقا، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ تىجارىتى توختىتىلىدۇ ياكى تىجارەت كىنىشكىسى يىغىۋېلىنىدۇ.

46-ماددا پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنتلىك بولغان ئەر - خوتۇنلاردىن بەلگىلىمە بويىچە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ئېلىنىدىغاندىن باشقا، ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك چەكلەش ۋە جازالاش تەدبىرى قوللىنىلىدۇ:

1) دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولسا تۇغۇت

خىراجىتىنى ئۆزى قوۋالايدۇ، تۇغۇت دەم ئېلىشى مەزگىلىدە ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. بالا ئېمىتىش ۋاقتى شەخسىي ئىشى بىلەن رۇخسەت سورىغانلىق قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

2) ئەر - خوتۇن ئۈچ يىلغىچە ئىشلىغار، خىزمەتچى بولۇپ باھالانمايدۇ، مۇكاپات پۇلى بېرىلمەيدۇ، ئىش ھەققى، دەرىجىسى، خىزمەت ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلمەيدۇ. ئۆزى تەكشەپ بېرىلمەيدۇ، ئىلغار، مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالانغانلارنىڭ نامى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ؛

3) دېھقان - چارۋىچى بولسا، ئۆيلۈك يەر ئورنى ۋە ھۆددىگە ئالغان يېرى قوشۇپ بېرىلمىگەندىن ئۈستىگە، يەنە خالىس ئەمگەك مىقدارى مۇۋاپىق كۆپەيتىلىدۇ؛

4) دۆلەت ئىشچى-خىزمەتچىسى بولغانلىرىغا مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ، ئۇلار ھەتتا خىزمەتتىن چىقىرىلىپ سىناقتا قالدۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ؛

5) ۋەتىككى گۇۋاھنامىنى ئېلىپ بولۇپ يەنە تۇغقانلارنىڭ مۇشۇ چارىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئېتىبار، مۇكاپاتلىرى تۇغقان كۈنىدىن باشلاپ توختىتىلىدۇ. شۇنداقلا ۋەتىككى گۇۋاھنامىگە ئاساسەن بەھرىمەن بولغان بار-لىق ئېتىبار ۋە مۇكاپات پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

47-ماددا پىلاندىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەنلەردىن

تەربىيە ۋە جازا بېرىلسىمۇ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرى قوللان-مىغان، قىلمىشى قەبىھ بولغانلىرىغا ئېغىرلىتىپ جازا بېرىلىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەن-لىك ھەققى ھەسسىلەپ قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

**48-ماددا** پىلاندىن سىرت پەرزەنتلىك بولغان ئايال-لارنىڭ تۇرۇشىغا ياتاق، ئۆي بەرگەن خوجىسى مېھمانخانا، ئۆي خوجايىنلىرىغا 1000 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە جەرىمانە قويۇلىدۇ. يەنىلا باشقۇرۇش تەدبىرى قوللانمىغانلارنىڭ تىجارىتىنى ئالاقىدار تارماقلار توختىتىدۇ ياكى تىجارەت كې-نىشكىسىنى ئىناۋەتسىز قىلىدۇ.

**49-ماددا** نوپۇس پىلانى كۆرسەتكۈچىنى ئاشۇرۇۋەتكەن ئورۇنلار ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەنقىدلىنىدۇ، ئىككى يىللىقچە ئىلغار ياكى مەدەنىيەتلىك، نەمۇنىچى ئورۇن قى-لىپ باھالانمايدۇ ھەمدە ئۇلارغا جەرىمانە قويۇلىدۇ. ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغانلارنىڭ نامى قەلەمدىن قالدۇرۇلىدۇ.

**50-ماددا** پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ۋە جەرىمانە پۇلى ئېلىنىشنى ناھىيە دەرىجىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتلىرى ياكى يېزىلىق (بازارلىق) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەھەللە ئىش باشقارمىلىرى قارار قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ. خەلق ھۆكۈمەتلىرى قارار چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىشنى ئالاقىدار ئورۇنلارغا ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ. يىغىۋېلىنغان

جەرىمانە پۇلى بىردەك يەرلىك مالىيىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پىلان-دىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققىنى ئېلىش، باشقۇ-رۇش ۋە ئىشلىتىشتە دۆلەتنىڭ پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققىنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

15-ماددىدا تۆۋەندىكى قىلمىشلاردىن بىرنى سادىر قىلغانلارغا تەنقىد-تەربىيە، مەمۇرىي جازا بېرىلىدۇ ھەمدە جەرىمانە قويۇلىدۇ: ئامانلىقنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ۋە ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىدىكى مۇناسى-ۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن جازالايدۇ: جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەرنىڭ جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى ئەد-لىيە ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سۈرۈشتە قىلىدۇ.

1) تۇغۇت يېشىدىكى ئەرخوتۇنلارنىڭ تۇغۇت چەكلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلار؛

2) قانۇنسىز ھالدا باشقىلارغا تۇغۇت چەكلەش ئوپېرات-سىيىسى ئىشلىگەنلەر ياكى ئۆزۈك سالغان، ئېلىۋەتكەنلەر؛

3) ئۆزمەيلىچە ھامىلىنىڭ جىنسىنى ئايرىمىسىنى بېكىتىپ بەرگەنلەر؛

4) بوۋاقلارنى تاشلىۋەتكەنلەر، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈ-ۋەتكەنلەر؛

5) تۇغۇت سەۋەبىدىن ئاياللارنى خورلىغانلار؛

6) پىلانلىق تۇغۇتتا ئاتېستاتلارنى ئويدۇرغان ياكى يالغان ئىسپات بېرىپ بەرگەنلەر؛

7) پىلانلىق تۇغۇت خىزمەت تەرتىپىنى بۇزغان، پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىنىڭ قانۇنغا ئاساسەن خىزمەت ئىشلىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان، قارشىلىق قىلغان ياكى پىلانلىق تۇغۇت خادىملىرىغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئالغانلار؛

8) پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار؛

9) خىزمەتتە بىپەرۋالىق قىلىپ، تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسىدە ھادىسە سادىر قىلغانلار؛

10) پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتى، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ۋە جەرىمانە پۇلىغا خىيانەت قىلغان، ئۇنى يۆتكەپ ئىشلەتكەنلەر؛

11) شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ، كۆزبويامچىلىق قىلغان، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلەرنى قانات ئاستىغا ئالغان، كۈشكۈرتكەن ياكى باشقا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىشلىرىنى سادىر قىلغانلار.

**52-ماددا** پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ئېلىش قارارىغا ۋە مەمۇرىي جازاغا قايىل بولمىغانلار جازا قارارىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن ئېتىبارەن 15 كۈن

ئىچىدە جازا قارارىنى چىقارغان ئورۇندىن بىر دەرىجە يۇقىرى مەمۇرىي ئورگانغا قايتا قاراپ چىقىش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ. قايتا قاراپ چىقىش قارارىغا قايىل بولمىغانلار قايتا قاراپ چىقىش قارارىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن ئېتىبارەن 15 كۈن ئىچىدە خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنسا بولىدۇ. بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلمىغان، ئەرز سۇنمىغان ھەم جازا قارارىنى ئىجرا قىلمىغان، پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققى ياكى جەرىمانە پۇلىنى تاپشۇرمىغانلارغا مەجبۇرىي جازا قارارىنى چىقارغان ئورۇن خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ھەمدە جازا قارارى چىقىرىلغان كۈندىن ئېتىبارەن جەرىمانە پۇلى ۋە پىلاندىن سىرت پەرزەنت كۆرگەنلىك ھەققىگە كۈنىگە 5‰ بويىچە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى قوشۇپ ئېلىنىدۇ.

ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىغا ئاساسەن چىقىرىلغان جازا قارارىغا قايىل بولمىغانلار ئامانلىق باشقۇرۇش بويىچە جازالاش نىزامىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن قايتا قاراپ چىقىشنى ئىلتىماس قىلسا ۋە ئەرز قىلسا بولىدۇ.

## يەتتىنچى باب. قوشۇمچە پرىنسىپ

**53-ماددا** بۇ چارىنى يولغا قويۇشنى ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەشكىللەيدۇ. ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مۇشۇ چارىگە ئاساسەن، ئۆز جايى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ ھەمدە ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە يوللاپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

**54-ماددا** بۇ چارىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى مەسئۇل بولىدۇ.

**55-ماددا** بۇ چارە 1992-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1981-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى ئېلان قىلغان «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1988-يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ.

# پىلانلىق تۇغۇتقا ئائىت قانۇن - نىزام

# ماتېرىياللار توپلىمى

# 计划生育法规资料汇编

(ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدۇ)

（内部发行）

خوتەن ۋىلايەتلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى

تۈزۈپ باستۇردى.

和田地区计划生育委员会编印

«خوتەن گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

和田报社印刷厂印

1992 - يىلى 3 - ئاي

一九九二年三月